ئەسەرلەر گۈلىستانى

# مېۋىلەر مۇنازىرىسى

(ئەھمەد شاھ قاراقاشى ئەسەرلىرى)



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ تور ئادرىسى

كلاسسىكلار گۈلىستانى

# مەۋسۇملەر مۇنازىرىسى

(ئەھمەدشاھ قاراقاشى ئەسەرلىرى)

پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچى: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

图书在版编目（C I P）数据

水果的争论：维吾尔文 / 阿迪力・穆罕默德主编. —乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社，2009.3
(经典之花系列丛书)
ISBN 978-7-80744-783-2

I. 水… II. 阿… III. 维吾尔族—谚语—汇编—中国—维吾尔语（中国少数民族语言） IV. I277.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2009）第 024493 号

从 书 名　经典之花系列丛书
本册书名　水果的争论
策　　划　穆拉提・伊力
主　　编　阿迪力・穆罕默德
编　　著　艾则孜・阿塔伍拉・萨尔特肯
责任编辑　艾尼瓦・库迪力克
特约编辑　哈斯亚提・依不拉音
责任校对　克尤木・吐尔逊
出　　版　新疆美术摄影出版社
　　　　　新疆电子音像出版社
地　　址　乌鲁木齐市西虹西路 36 号
邮　　编　830000
发　　行　新疆维吾尔自治区新华书店
印　　刷　新疆新华印刷厂
开　　本　880×1230 毫米　1/32
印　　张　3.125
版　　次　2009 年 3 月第 1 版
印　　次　2009 年 3 月第 1 次印刷
书　　号　ISBN 978-7-80744-783-2
定　　价　9.90 元

（书中如有缺页，错页及倒装请与工厂联系）

www.uyghurkitap.com

مەجمۇئە ئىسمى: كلاسسىكلار گۈلستانى
كىتاب ئىسمى: مېۋىلەر مۇنازىرىسى
پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچى: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەنۋەر قۇتلۇق
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: خاسىيەت ئىبراھىم
مەسئۇل كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن

نەشرىيات: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830000
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
باسقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
فورماتى: 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 3.125
نەشرى: 2009 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى: 2009 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-80744-783-2
باھاسى: 9.90 يۈەن

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)

# تۇزگۇچىدىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر كلاسسىكلارنىڭ ئەخلاق - پەزىلەت، تەلىم - تەربىيىنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ يازغان ئەسەرلىرى زامانىنىڭ ئۆتۈشى، كىشىلەر ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن يەنىمۇ ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە. ئۇلاردا ئالغا سۈرۈلگەن ئىلغار ئىدىيىلەر، ئەخلاقىي دەۋەتلەر قەدىمكى دەۋردىلا ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكى دەۋردىمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بەلگىلىك رول ئوينىماقتا. بىز دەۋر قەدىمگە ماسلىشىش، تارىختا ئۆتكەن مۇتەپەككۇرلارنىڭ ھاياتىي پائالىيىتى ۋە ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق ئەۋلادلارنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن يۈكسىلىشىگە ئىلھام بېرىش مەقسىتىدە، كلاسسىكلار قەلىمىگە مەنسۇپ بولغان ئەسەرلەر ئىچىدىن دىداكتىك مەزمۇن ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغانلىرىنى تاللاپ «كلاسسىكلار گۈلىستانى» ناملىق بۇ مەجمۇئەنى تۈزدۇق. دىققىتىڭىزگە سۇنۇلۇۋاتقان «مېۋىلەر مۇنازىرىسى» دېگەن كىتابتا 18 — 19 - ئەسىرلەردە ياشاپ ئۆتكەن ساتىرىك شائىر ئەھمەدشاھ قاراقاشىنىڭ ھاياتى ۋە بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەسەرلىرى، شۇنداقلا بۇ ھەقتىكى ئىلمىي ئىزدىنىشلەر تونۇشتۇرۇلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئەھمەدشاھ قاراقاشى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى

مۇھەممەتتۇرسۇن سىدىق

سالامنامە («ئات ھەققىدە قىسسە»، مۇ دېيىلىدۇ) ناملىق يېگانە ساتىرىك مۇخەممىسى بىلەن 21 - ئەسىردىن بۇيان خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە بىر كىشىلىك ھۆرمەت تۆرىگە مۇشەررەپ بولۇپ، يادلىنىپ كېلىۋاتقان ئاتاقلىق شائىر، كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى ساتىرا ژانىرىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى، يېتۈك سۆز ئۇستىسى، ھۆرمەتلىك ئەدىب ئەھمەدشاھ قاراقاشى 18 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا قاراقاش ناھىيىسىنىڭ ھازىرقى قاراقاش بازىرىغا قاراشلىق قاياش كەنتىنىڭ ھالايلى مەھەللىسىدە زامانىسىنىڭ مەرىپەتپەرۋەر مۇدەررىس ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. شائىرنىڭ ئاتىسى ھەركۈنى تالىپلارغا

ئۆگىتىدىغان دىنىي بىلىملەر بىلەن بىرگە ئەرەب ۋە پارس تىللىرىدىنمۇ ساۋاق بېرەتتى. بۇ جەرياندا تالىپلار ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئۆگىنىش ئېھتىياجىغا ئاساسەن مەدرىسىدە دەرسلىك قىلىپ ئوقۇتۇلىدىغان سوپى ئاللايار، مۇبەييان، خوجا ھاپىز، بوستان ۋە گۇلىستان قاتارلىق شەرق كلاسسىك ئەسەرلىرىنى بەزىدە مۇڭلۇق، بەزىدە قىزىقارلىق ئاھاڭلارغا سېلىپ ئوقۇشاتتى. شائىر بالىلىق چاغلىرىنى ئائىلىسىدىكى ئەنە شۇنداق قايناق ئىلىم مۇھىتىدا ئۆتكۈزۈش جەريانىدا باشلانغۇچ ئىلىم تەھسىلىنى تاماملىغان ھەمدە شۇ چاغلاردىن باشلاپ ئەدەبىياتقا كۆپرەك ئىخلاس قىلىشقا باشلىغان. 18 ياشلارغا كىرگەندە ئاتىسىنىڭ ئارزۇلاپ ئەۋەتىشى بىلەن قەشقەرگە بېرىپ، مەشھۇر «خانلىق مەدرىسە» گە ئوقۇشقا كىرگەن. ئەينى دەۋردە داڭلىق مەرىپەت ئوچاقلىرىدىن سانىلىدىغان قەشقەر «خانلىق مەدرىسە» دىكى قويۇق ئىلىم - مەرىپەت مۇھىتى شائىرنىڭ ئىلىم - پەنگە، جۈملىدىن ئەدەبىياتقا بولغان كۈچلۈك ھەۋەس - ئارزۇسىغا قانات بېغىشلاپ، ئۇنى ئىلىم -

مەرپەتنىڭ كەڭرى ئالىمىگە، تەپەككۇرىنىڭ يېتۈك پاساھەت ۋە بالاغەت مەيدانىغا باشلاپ كىرگەن زامانىسىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ئىلىم ئەھلىلىرى توپلانغان بۇ ئالىي ئوقۇش يۇرتىدا تۈرك، ئەرەب ۋە پارس تىللىرى بويىچە ھەر خىل ئىلىملەر بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان بولغۇسى شائىر مەدرىسىدىكى ئەۋزەل شارائىتلاردىن ئوبدان پايدىلىنىپ، ھەر تەرەپلىمە ئىجتىھات بىلەن ئىلىم تەھسىل قىلىش ئارقىلىق كېيىنكى ئەدەبىي پائالىيىتىگە مۇستەھكەم ئاساس سالىدۇ ھەم شۇ چاغلاردىن باشلاپ ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى تەبىئىتىدە بار بولغان زېرەك، سۆزمەنلىكى بىرلەشكەن شېئىرىي تالانتى بىلەن ساۋاقداشلىرى ئارىسىدا ھازىر جاۋاب شائىر، يېڭىلمەس ھەزىل - چاقچاقچى سۈپىتىدە تونۇلىدۇ. «خانلىق مەدرىسە» دىكى ئوقۇشىنى تۈگىتىپ قاراقاشقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قاراقاش بازىرى ئىچىدىكى گۈزەر مەسچىتكە ئىماملىققا تەيىنلىنىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن جامائەت ئىشلىرىغا قاتنىشىشتىن باشقا ۋاقىتلىرىدا تىبابەتچىلىك قىلغاچ، شېئىرىي ئىجادىيەت بىلەن

مەشغۇل بولىدۇ ۋە بۇ ئۆمۈر يىللىرىدا كۆپلىگەن شېئىرىي، ساتىرىك ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ، 19 ـ ئەسىرنىڭ تەخمىنەن 70 ـ يىللىرىدا ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا شائىر ئالەمدىن ئۆتكەندە قاياش كەنت تەۋەسىدىكى توققۇز گۈمبەز مازىرىغا دەپنە قىلىنغانلىقى مەلۇم.

شائىر ئەھمەدشاھ قاراقاشى ئىجادىيىتىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغىنى ھەجۋىيات (ساتىرا) ئىجادىيىتى بولۇپ، ھازىر بىزگە مەلۇم بولغان «سالامنامە»، «مېۋىلەر جېدىلى»، «پۇل»، «شاھ پولۇ» قاتارلىق ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسى قويۇق ھەجۋىي ئۇسلۇبتا يېزىلغان. جۈملىدىن، تىلىنىڭ ساپ ۋە ساددىلىقى، ھەجۋىي تۈسىنىڭ قويۇق، تەربىيىۋى ئەھمىيىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن دوست ـ بۇرادەرلەرنى بىر ـ بىرىگە خىيانەت قىلماسلىققا ئۈندەيدىغان جانلىق ئىبرەتنامە سۈپىتىدە بىر يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان قولدىن ـ قولغا، ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا ئۆتۈپ ئوقۇلۇپ، شائىرنىڭ نامىنى بارغانچە مەشھۇر قىلىپ كەلگەن داڭلىق مۇخەممەس، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى

www.uyghurkitap.com

ھەجۋىيات، ساتىرا ژانىرىنىڭ يېگانە ئۆلگىسى «سالامنامە» شائىر ئىجادىيىتىنىڭ گەۋدىلىك نامايەندىسى ھېسابلىنىدۇ. ئېيتىلىشىچە، «سالامنامە» نىڭ يېزىلىشىنىڭ تۈۋەندىكىدەك قىزىقارلىق ئارقا كۆرۈنۈشى بار ئىكەن.

ئەھمەدشاھ قەشقەر «خانلىق مەدرىسە» دە ئوقۇش جەريانىدا ئاقسۇلۇق نەزەر ئاخۇن ئىسىملىك بىر تالىپ بىلەن ھۇجرىداش ۋە ھەمساۋاق بولۇپ، ئوقۇش تاماملىغۇچە يېقىن دوستلاردىن بولۇپ ئۆتۈشۈپتۇ. ئوقۇش تاماملاپ يۇرتلىرىغا قايتىشقاندىن كېيىن نەزەر ئاخۇن ئاقسۇغا مۇپتى، ئەھمەدشاھ قاراقاشقا ئىمام بولۇپ تەيىنلىنىپتۇ. جامائەت ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش جەريانىدا ئاتقا ھاجىتى چۈشكەن ئەھمەدشاھ ئاخۇن ئاقسۇ ئاتلىرىنىڭ داڭقىدىن خەۋىرى بولغىنى ئۈچۈن بۇرادىرى نەزەر مۇپتىغا ئاقسۇنىڭ يارامىلىق ئېتىدىن بىرنى ئەۋەتىپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپ 60 تەڭگە پۇل ئەۋەتىپتۇ. ئاردىن توپتوغرا بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئەھمەدشاھ ئاخۇن كارۋانلار ئارقىلىق ئاجايىپ بىر ئاتنى تاپشۇرۇپ ئاپتۇ. بىر قاراشتىلا

كۆرۈمسىزلىكى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇسال، يارامسىزلىقى چىقىپ تۇرىدىغان بۇ ئاتنى تاپشۇرۇپ ئالغان ئەھمەدشاھ ئاخۇن بىرنەچچە كۈندىلا بۇ ئاتنىڭ ئۇستى ـ ئۇستىگە كەلتۈرگەن پالاكەتلىرى تۈپەيلى يۇرت ئىچىدە ئىزا ـ ئاھانەتكە قېلىپ، بېشىنى كۆتۈرەلمىگەچكە، ئاچچىق ئەلەم ئىچىدە «سالامنامە» دېگەن بۇ مەشھۇر مۇخەممەسنى يېزىپ، ئۆزىنىڭ بىر تالىپى ئارقىلىق نەزەر مۇپتىغا ئەۋەتىپ بېرىپتۇ... تالىپ بۇ نامىنى ئېلىپ بارغاندا نەزەر مۇپتى ئۆز بېغىدا يۇرت مۆتىۋەرلىرىگە چاي بېرىۋاتقان بولۇپ، كونا ھەمساۋاق بۇرادىرى ئەۋەتكەن بۇ مەكتۇپنىڭ چوقۇم ئۆزىگە خۇشاللىق ۋە شۆھرەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى پەملەپ تالىپقا مېھمانلار ئالدىدا مەكتۇپنى ئوقۇشقا بۇيرۇپتۇ. تالىپ مەكتۇپنى ئوقۇپ خېلى بىر يەرلىرىگە بارغاندا نەزەر مۇپتى ئەمدى ئوقۇماسلىقنى ئۆتۈنۈپتۇ. ئەمما سورۇن ئەھلى كۈچلۈك تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغاچقا تالىپ مەكتۇپنى ئاخىرىغىچە ئوقۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن نەزەر مۇپتى نەچچە كۈنگىچە غىزامۇ يېمەي، قاتتىق ئازاب ئىچىدە يېتىپ قالغانىكەن...

ئەھمەدشاھ قاراقاشىنىڭ بۇ شېئىرى يۇقىرىقىدەك ئارقا كۆرۈنۈشى بىلەنلا ئەمەس، مۇھىمى شېئىردىكى ئادەتتە كەم ئۇچرايدىغان سۆز ئىشلىتىش سەنئىتى، شېئىرنىڭ ھەربىر مىسراسىغا سىڭىپ كەتكەن كۈچلۈك ھەجۋىي خۇسۇسىيەت، شۇنداقلا دەل جايىدا ئىشلىتىلگەن ئوخشىتىش، جانلاندۇرۇش، مۇبالىغە قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر ياردىمىدە تېپىكلەشتۈرۈلگەن، ساتىرىك ئالامەتلەرگە تويۇنغان شېئىري ئوبرازلىرى بىلەن خەلقىمىزنىڭ كۆڭلىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىپ، تا ھازىرغىچە مەشرەپ - ئولتۇرۇشلاردا ئاھاڭلىق ئېيتىلىپ ئالاھىدە قىزىقىش قوزغاپ كەلمەكتە.

ئەھمەدشاھ قاراقاشى گەرچە كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يازغان بولسىمۇ، بىزگىچە يېتىپ كېلەلىگىنى يۇقىرىدا نامى ئاتالغان تۆت پارچە ھەجۋىي ئەسىرى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە بىز تەرىپىنى قىلىۋاتقان «سالامنامە» بىر يېرىم ئەسىردىن بۇيان خەلق ئىچىدە كەڭ تارقىلىپ، كىشىلەر قانماي ئاڭلايدىغان فولكلور نەمۇنىسىغا ئوخشاش قەدىرلىنىشتەك ئالاھىدە شېئىرىيەت ھادىسىسىنى

مەيدانغا كەلتۈرگەنلىكى بىلەن ھېلىھەم يۇقىرى بەدىئىي ۋە ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگە بولۇپ قالماي، بىر ئۆمۈر شېئىر يېزىش بىلەن شۇغۇللىنىپ خەلقنىڭ ئېغىزىغا چىققۇدەك بىرەر پارچە ھەقىقىي شېئىر ئىجاد قىلالماي، يەنە ئۆزىنى شائىر ھېسابلاپ بىھۇدە ئۆمۈر ئۆتكۈزىدىغانلار ئۈچۈن جانلىق ئەينەك، ئوچۇق ئۆلگە ھېسابلىنىدۇ.

شائىرنىڭ «مېۋىلەر جېدىلى»، «پۇل»، «شاھ پولۇ» قاتارلىق ئەسەرلىرىمۇ ساددا ۋە چۈچۈك خەلق تىلى بىلەن يېزىلغان بولۇپ، كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ئىنسان تەبىئىتىگە يات بولغان ئىتتىپاقسىزلىق، مەنمەنلىك، ھەسەتخورلۇق، ئاچ كۆزلۈك، تەييارتاپلىقتەك ناچار ئىللەتلەر كۈچلۈك ھەجۋىي تىل قامچىسى بىلەن قامچىلانغان.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئەھمەدشاھ قاراقاشى ۋە ھەجۋىيات

مۇھەممەد توختى ئەھمەد

بىزگە مەلۇمكى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا كۆپ قاتلاملىقلىقا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا شېئىرىيەتنى مۇھىم ۋە ئاساسىي گەۋدە قىلىش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. نۇرغۇن تەزكىرە، داستان — «خەمسە» لەرنى ھاسىل قىلدى. ئىپتىدائىي قوشاق شەكلى بىلەن باشلانغان ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتى ئۆزىنىڭ ئۇزۇن دەۋرلىك تەرەققىياتى جەريانىدا كۆپلىگەن مىللىي شېئىرىيەت شەكىللىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش بىلەنلا قالماي، يەنە نۇرغۇن تۈر - ژانىر ۋە يىرىك ئەسەرلەرنى رويابقا كەلتۈردى. مانا بۇنىڭ ئۆزى ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىدىكى ئومۇمىي ھادىسە ئىدى. ھالبۇكى، يازما ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى شەكىللىرىدە كلاسسىكلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ تۈيغۇ قاراشلىرىنى

زامان ئېتىبارى بىلەن كۆپ ھاللاردا ئاشىقلارنىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى ئىچىگە يوشۇرۇش ياكى يار ۋىسالىغا تەلپۈنۈش خاھىشى تەرىزدە ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەنلا چەكلىنىشتىن خالىي ئەمەس ئىدى. شۇ سەۋەبلىك بۇ خىل ئەسەرلەرنىڭ ئەسلىي ماھىيىتى ياكى ئاساسىي خاھىشچانلىقىنى ئادەتتە چۈشەنچە بىلەن پەرەز قىلىشلار يۈز بېرىلىشتىن مۇستەسنا بولالمىغاننىڭ ئۈستىگە، ئۇنى كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئېتىقاد ـ چوقۇنۇشى ياكى ئۆز ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ ھەر خىل چۈشىنەتتى. رومانتىزم ۋە رېئالىزملىق ئىجادىيەت تۇسىدىكى ئەدەبىيات تارىخىنىڭ راۋاجلىنىشى كېيىنكى دەۋردە تەنقىدىي رېئالىزم بىخلىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشى نەتىجىسىدە، شېئىرىيەتتىكى ئەنئەنىۋىلىككە يېڭىچە ئامىللار قوشۇلۇشقا باشلىدى. بۇ ھال جەمئىيەت ھادىسىلىرىنى مەجازى ۋاستە بىلەن ئەمەس، بەلكى دەل شۇ ھادىسىنىڭ نېگىزىنى تۇتۇپ دادىل ئوتتۇرىغا قويۇشتەك ئىجادىيەت مېتودىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىدە ئىپادىلەندى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە كلاسسىك شېئىرىيەتتە نوقۇل مۇھەببەت تېمىسىغا كۆرە ئىجتىمائىي مەزمۇندىكى تېمىلار ئاساسىي

سالماقنى ئىگىلەپ، شېئىرلار ئىلگىرىكىدەك ۋاستە تاللاپ ئولتۇرماي ئۆز قاراشلىرىنى توغرىدىن ـ توغرا ئىپادىلەشكە كىرىشتى. بۇ ھال ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ھەجۋىياتنىڭمۇ مۇستەقىل ژانىر سۈپىتىدە شەكىللىنىشىگە زېمىن ھازىرلىدى. گەرچە ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىدە ھەجۋىيات ئامىلى خېلى زامانلاردىن بېرى داۋاملىشىپ، بەلگىلىك دەرىجىدە ئىپادە تېپىۋاتقان بىر خىل ئەدەبىيات ھادىسىسىنىڭ مۇناسىپ تەركىبىي قىسمى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەزەلدىن بىرەر ئەسەرنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىنى تەشكىل قىلماي، بەلكى ئايرىم بۆلەك، بىر نەچچە كۇپلېت ياكى بىر نەچچە مىسرا بىلەنلا چەكلىنىپ كەلگەنىدى، خالاس. كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىر، جۇملىدىن ئەھمەدشاھ قاراقاشى ياشاپ پائالىيەت ئېلىپ بارغان دەۋرلەردە بولسا ھەجۋىيات ئامىلى ئەسەرنىڭ مەلۇم بۆلىكى ئەمەس، بەلكى پۈتۈن گەۋدىسىنى تەشكىل قىلىشقا قەدەر تەرەققىي قىلدى. مانا بۇ ھەجۋىيات ژانىرىنىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە شەكىللىنىپ مۇكەممەللەشكەنلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. لېكىن بىز بۇنداق مۇكەممەللىكنى ئەھمەدشاھ قاراقاشىنىڭ ئىجادىي تۆھپىسىدىن



www.uyghurkitap.com

ئايرىپ قارىيالمايمىز. چۈنكى، ئەھمەدشاھ قاراقاشى ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىدە ھەجۋىيات ئاملى بىرەر ئەسەرنىڭ مەلۇم بۆلىكىدە قىسمەن ئىپادىلىنىپ ئۆتۈپ كېتىشتەك ئەنئەنىۋى ھادىسىنى ئىجادىي رەۋىشتە ئىسلاھ قىلىپ، ئۇنى بىر پۈتۈن ئەسەرنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسىدا روشەن ۋە تولۇق گەۋدىلەندۇرۇپ ھەجۋىياتنى بىر يۈكسەكلىككە كۆتۈردى. دېمەك، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ھەجۋىيات ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن بىر پۈتۈن شېئىرىي ژانىر تۈرىگە كىردى دېسەك، ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز.

ئەھمەدشاھ قاراقاشى تەخمىنەن 1740 - يىلى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ قاپاقلا يېزىسى ھويلا ئالدى كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق بىر مۆتىۋەر دىنىي ئۆلىما ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇنىڭ دادىسى مۇبارەكشاھ ئۇلۇغ قاپاقلا يېزىسىدىكى مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسى ئىدى. ئەھمەدشاھ ئۆسمۈر چاغلىرىدا دەسلەپكى ئىلمىي مەلۇماتنى ئەنە شۇ مەدرىسىدە — دادىسىنىڭ بىۋاستە تەربىيىسىدە ئالغاندىن كېيىن، 17 ياشلارغا كىرگەندىن باشلاپ قەشقەردىكى ئالىي بىلىم يۇرتى ھېسابلانغان «خانلىق مەدرىسە» دە ئىلىم تەھسىل قىلىشقا كىرىشتى. ئۇ چاغلاردا بۇ

مەدرىسىدە تىل، تارىخ، ئەدەبىيات، مەنتىقە ئىلمى، ئاسترونومىيە، قانۇنشۇناسلىق، جۇغراپىيە، ھېساب ئىلمى ھەمدە تېبابەتچىلىككە ئوخشاش بىر قاتار ئىلىملەر ئۆگىتىلەتتى. ئەھمەدشاھ بىرنەچچە يىل داۋاملاشقان ئوقۇش ھاياتىدا بۇ ئىلىملەردىن مۇكەممەل ساۋاتقا ئىگە بولۇپ، ئوقۇش پۈتكۈزۈپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قاراقاشنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى مۆتىۋەللىسى ئىنايەتۇللامۇپتى (1701 — 1783) تەرىپىدىن گۈزەردىكى مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسلىكى ھەم گۈزەر مەسچىتىنىڭ ئىماملىقىغا تەيىنلەندى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئوقۇتۇش، شەرئەت ئىشلىرى ۋە تېبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، 1828 - يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ ھاياتىدا كۆپلىگەن شېئىرىي ئەسەرلەرنى يازغان ۋە دىۋان تۈزگەن. مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، شائىرنىڭ «نەزەر مۇپتىمغا خەت» (كىشىلەر ئارىسىدا «سالامنامە، «ئات ھەققىدە قىسسە»، «مۇھەببەتنامە»، «يامان ئات توغرىسىدا مۇخەممەس» دېگەندەك ناملار بىلەنمۇ ئاتىلىپ كەلمەكتە) «پۇل»، «مىۋىلەر مەجلىسى» («مىۋىلەر مۇنازىرىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) «شاھ پولۇ»، «قىچىشقاق»، «دوڭغاق»، «ھەزرەت»... قاتارلىق

ساتىرلىرى ۋە بىر نەچچە غەزەل، قەسىدە، مۇخەممەسلىرى ھەمدە ئاخىرىغا نەزەرمۇپتى نامىدىكى «يىپىلاق» نامىلىق ساتىرا قوشۇپ تۇپلەنگەن بىر قولىيازما دىۋانى ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى قولىدىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا يوقىتىۋېتىلگەن بولۇپ، بۇنىڭدىن پەقەت «نەزەر مۇپتىمغا خەت» نامىلىق مەشھۇر ھەجۋىيات بىلەن مۇنازىرە ئەدەبىياتىغا ئائىت «مېۋىلەر مەجلىسى» نامىلىق ئەسەر دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلىگەن. ئەپسۇسكى، قىياس پاكىتىنىڭ ئورنىنى باسالمىغىنىدەك، ئۇنىڭ تولۇق دىۋانى تېپىلمىغاچقا، شائىرنىڭ ئىجادىيەت ئىدىيىسى ۋە مېتودىغا ھازىرچە نەزەرىيە جەھەتتىن مۇكەممەل ۋە ئەتراپلىق باھا بەرگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن تامچە سۇدىمۇ قۇياشنىڭ شەۋقى ئەكس ئەتكىنىدەك، شائىرنىڭ قولىمىزدىكى ئەسەرلىرىگە قاراپ، ئۇنىڭ تىل ئىشلىتىش ھەم ئىپادىلەش ماھارىتىنىڭ ئاجايىپ يۇقىرىلىقىنى بىلىپ يېتەلەيمىز. بولۇپمۇ «نەزەر مۇپتىمغا خەت» شائىرنىڭ ئىجادىيىتىدە ئۇنىڭ شېئىرىي ئىستىبداتىنى ئەڭ گەۋدىلىك نامايان قىلىدىغان بىر پەللە بولۇپ، رىۋايەتكە ئاساسلانغاندا، بۇ ھەجۋىي مەكتۇپنىڭ ۋۇجۇدقا

كىلىش سەۋەبى مۇنداق بولغان:

ئەھمەدشاھ قاراقاشى بىلەن نەزەر مۇپتى «قەشقەر خانلىق مەدرىسە» دە ساۋاقداش ھەم ھۇجرىداش بولۇپ ئۆتكەن يېقىن دوستلاردىن ئىكەن. ئوقۇش تاماملانغاندىن كېيىن ئەھمەدشاھ مۇدەررىسلىك ئۇنۋانى بىلەن قاراقاشقا، نەزەر بولسا مۇپتىلىق (پەتىۋا بەرگۈچى، يەنى دىنىي مەسىلىلەردە قارار چىقارغۇچى) ئۇنۋانى بىلەن ئاقسۇغا يول ئالغاندىن كېيىنمۇ ئۇزۇن يىللارغىچە ئۆز ئارا خەت ھەم سوۋغا ـ سالام ئەۋەتىشىپ تۇرغانىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى ئاقسۇ قارا باغ ئارال ئاتلىرىنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان ئەھمەدشاھ قاراقاشى تاللاپ ياخشى بىر ئات ئەۋەتىپ بىرىشىنى سوراپ نەزەر مۇپتىغا 60 تەڭگە ئەۋەتىپ، ئارىدىن نەق بىر يىل ئۆتكەندە نەزەر مۇپتى كارۋانلار ئارقىلىق ئەۋەتكەن بىر ئاتنى تاپشۇرۇۋېلىپتۇ. ئەپسۇسكى، بۇ ئات ئەھمەدشاھ قاراقاشى تەسەۋۋۇر قىلغاندەك قاۋۇل، چەبدەس، ياخشى ئات بولماستىن، بەلكى:

«پۇلۇمنى تۇختاتىپ بىر يىل، ئىبەرىپسەن ماڭا بىر ئات،
ئىشەكچە يوقكى رەفتارى، بۇ ئاتنىڭ ھەرنەپئىلى يات،

كى يولدا توختاۋالدى قامچا بىرلەن ئۇرماسام پات ـ پات،
كۆلا ـ ئارغامچەنى ئۈزدى قوزۇقنا باغلاسام قات ـ قات،
ئۆلاپ ئارغامچەنى ھاردىم، كۆنى قالدىم ھالاكەتتە.

بايان ئەيلەي يەنە بىر ـ بىر بۇ ئاتنىڭ ئايىبىنى، ئاڭقا،
قىڭىر قۇيرۇق، سىڭا سۆڭگەچ، پۇتى مايماق، بويى لاڭقا،
بىرى تەپكەك، بىرى مىڭگەك، بۇ ئەيىبلەر ئۈستىگە ماڭقا،
ساماندىن بەش كۈشۈك يەپ، ھەرقەدەمدە بىر تۇرۇپ ساڭقا،
تۇغۇلماس ھېچ ۋىلايەت ئىچرە بىر ئات بۇ قىياپەتتە.

مىنىپ چىقسام ئالىپ ئۈردى، يىقىلدىم، نەچچە كۈن ياتتىم،
قويۇپ بەرسەم، بۇزۇپ باغنى، ھەمىشە ئەلنى قاقشاتتىم،
سۇغارغاندا قاچىپ سۆرەپ، ئاران ھارغاندا توختاتتىم،
تېگىشتىم ئۆي بىلەن بەش ـ ئالتە نەۋبەت، ئون قاتىم ساتتىم،
قىلىپ دەئۋا كېلىشۈەردى ماڭا ياندى شەرىئەتتە.

ئەگەر يولغا مىنىپ چىقسام، تۇزۇك يۈگرەپ چاپالمايدۇ،
ۋە يا ئۆي ھارۋىسى بىرلەن باراۋەرمۇ ماڭالمايدۇ،
مۇبادا توختاۋالغاندا ئۇرۇپ قويسا چىچاڭلايدۇ،
مىنىپ تۇرغان كىشى شۇئان بېرىپ يەرنى قۇچاقلايدۇ،
خەتەرلىكتىن بۆلەك خىسلەت تاپىلماس بۇ كەسافەتتە.»

دەپ شىكايەت قىلغىنىدەك بولۇپ چىقىپتۇ. يۇقىرىدا سۆزلەنگىنىدەك ئىسكەتسىز، پالاكەت، قاشاڭ، خۇش - پەيلى يامان، ئەيىب - نۇقسانلىرى كۆپ بولغان بۇ ئات تۇپەيلى ئەل - يۇرت ئىچىدە كۈلكە - مازاق، خىجالەتچىلىككە قېلىپ تولا مالال بولغان ئەھمەدشاھ قاراقاشى ئىشەنگەن ساۋاقدىشىنىڭ ساختىپەزلىكى، ۋاپاسىزلىقى، دىيانەتسىزلىكىدىن قاتتىق غەزەپلەنگىنىدىن بۇ ئاتنىڭ ئەيىب - نۇقسانلىرىنى نەزمىي يول ئارقىلىق ئاجايىپ ئۇستىلىق بىلەن سۆزلىگەندىن كېيىن، بۇ ھەجۋىي مەكتۇپنى لىپپاپىغا سېلىپ، ئۇستىگە «ئۇشبۇ مەكتۇپ ئاقسۇدىكى ئۆلىمائىي ئەزەم ۋە پۈزۈللائى ساھىبى كەرەم مۆھتەرەم نەزەر مۇپتى ئاخۇنۇمغا تەقدىم ئۇلغاي، كەمىنە ئەھمەدشاھ قاراقاشتىن» دېگەن ئادرېسنى يېزىپ، ئىككى نەپەر شاگىرتى ئارقىلىق نەزەرمۇپتىمغا ئەۋەتىپتۇ. ئۇلار نەچچە كۈن يول يۈرۈپ ئاقسۇغا يېتىپ بارغان ۋاقتى دەل نەزەرمۇپتى ئاقسۇدىكى ئەھلى ئۆلىما، ئاكابىر ئەشرەپ ۋە باي، سودىگەرلەرگە ئۆز بېغىدا زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇپ بەرگەن كۈنگە توغرا كەلگەنىكەن. ئەھمەدشاھ قاراقاشىنىڭ خېتى ئوبدان پەيتكە توغرا كەلدى،

ئۇنىڭدا جەزمەن مەدھىيىلىك بايانلار بار، يۇرت مۆتىۋەرلىرى ئالدىدا ئابروي ـ مەرتىۋەم يەنىمۇ ئۆسىدىغان بولدى، دەپ خىيال سۈرگەن نەزەرمۇپتى بۇ مەكتۇپنى ئۆزى بىرەر قۇر كۆزدىن كەچۈرۈشكىمۇ ئالدىراپ، ھېلىقى ئىككى شاگىرتنىڭ ئۇنى سورۇن ئەھلى ئالدىدا ئۈنلۈك ئوقۇپ بېرىشىگە دالالەت قىپتۇ. ئەمما، دەسلەپكى بۆلەكتىكى سالام ـ سەھەتلىك بايانلاردىن مەستخۇش بولۇپ، تېخىمۇ ئاۋازلىقراق ئوقۇشنى تەۋسىيە قىلغان نەزەر مۇپتى مەكتۇپنىڭ ئات ھەققىدىكى بۆلىكى ئوقۇلۇۋاتقاندا، ئات توغرىسىدىكى ھەجۋىي بايانلاردىن ساراسىمىگە چۈشۈپ، شاگىرتلارغا خۇپىيانە ھالدا سۆيۈنچە بېرىشكە بېشارەت بېرىپ، داۋامىنى ئوقۇماسلىقنى تەلەپ قىپتۇ. لېكىن شېئىرىي مۇھەت قايىنىمىغا چۆمۈپ لەززەتلەنگەن سورۇن ئەھلىنىڭ تەلىپى بويىچە بۇ ھەجۋىيات تولۇق ئوقۇلۇپتۇ. نومۇستا ئۆرتەنگەن نەزەر مۇپتى ھەجۋىياتنىڭ ئاخىرقى بۆلىكىگە كەلگەندە زادىلا چىداپ تۇرالماي، ساقىلىنى يۇلغىنىچە سورۇندىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپتۇ ـ دە، باغنىڭ ئاياغ چېتىدىكى بىر تۈپ قارىياغاچقا سىرتماق سېلىپ، ئېسىلىپ ئۆلۈۋاپتۇ.

يۇقىرىقى رىۋايەتنىڭ، بولۇپمۇ رىۋايەت ئاخىرىسىدىكى نەتىجىنىڭ راست ياكى يالغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئومۇمەن شۇنداق بىر رىۋايەتنىڭ مەيدانغا چىقىشىنى مەزكۇر ھەجۋىياتنىڭ ئېستېتىك كۈچىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئەنە شۇنداق جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە بولغانلىقى تۈپەيلى كۆپ يىللار مابەينىدە ئېغىزدىن - ئېغىزغا، يېزىقتىن - يېزىققا كۆچۈپ يۈرگەن بۇ ھەجۋىيات بۇنىڭدىن 80 يىللارچە ئىلگىرى كېرىيىلىك ھەسەن تەمبۇر دېگەن كىشىنىڭ ئاھاڭغا كەلتۈرۈشى بىلەن ئۇيغۇر بەزمە - مەشرەپلىرىدە سازلار تەڭكەش قىلىنىپ ئېيتىلىدىغان دائىملىق مەشرەپ تېكىستى بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە بۇ ھەجۋىيات ھەر خىل ھەجىم، تۈرلۈك ۋارىيانتلاردا نەشر ئەپكارلىرى ئارقىلىقمۇ كەڭ تارقالدى. مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، بۇ ھەجۋىيات 1912 - يىلى قازان ۋىلايىتىدە نەشر قىلىنىدىغان تاتار تىل - يېزىقىدىكى «شورا» ناملىق ژۇرنالدا تۇنجى قېتىم ئېلان قىلىنغان، ئارىدىن نەچچە ئون يىل ئۆتۈپ 1948 - يىلىغا كەلگەندە، ئۇ يەنە غۇلجىدا تەسىس قىلىنغان ئەخمەدجان قاسىمى باش مۇھەررىرلىكىدىكى

«ئىتتىپاق» ژۇرنىلىدا «يامان ئات توغرىسىدا مۇخەممەس» دېگەن سەرلەۋھىدە ئېلان قىلىنغان. 80 - يىللاردىن كېيىن بولسا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كۆپلىگەن ئەدەبىي ژۇرناللاردا ۋە «قامچا» ناملىق ساتىرىلار توپلىمىدا ئوخشىمىغان سەرلەۋھە، تۈرلۈك ۋارىيانت ۋە ھەر خىل ھەجىمدە تەكرار ئېلان قىلىندى. گەرچە كىشىلەر ئارىسىدا بۇ ھەجۋىياتنى 60 كۇپلېتتىن ئارتۇق ئىدى دېگۈچىلەر بولسىمۇ، ئۇنىڭ تولۇق تېكىستىنى تېپىش مۇمكىن بولمىدى. ئەمما شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىدىغان «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1999 - يىللىق 3 - سانى ۋە خوتەن «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1999 - يىللىق 6 - ساندا مەزكۇر ماقالىنىڭ مۇئەللىپى 1975 - يىلى چىرا ناھىيە ئىماملا (ھازىرقى بوستان يېزىسى) نىڭ ئاياغ قاراسۇ كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق بىر كىشىدىن كۆچۈرۈۋالغىنى بويىچە تەييارلاپ ئېلان قىلغان نۇسخىنى بىر قەدەر تولۇقراق دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى، بۇ ھەجۋىياتتا ئىپادىلەنمەكچى بولغان ئاساسىي مۇددىئالىق بايانلار تۈگەللىنىدۇ. يەنە كېلىپ مۇنداق يېتۈك قەلەم ساھىبىنىڭ پىكىرلەرنى تەكرار چايناپ ئولتۇرۇشى

مۇمكىن ئەمەس.

«نەزەر مۇپتىمغا خەت» ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى شېئىرىي شەكىللىرىنىڭ مۇخەممەس تۈرى بويىچە، ئارۇز ۋەزنىنىڭ رەمەل بەھرىدە يېزىلغان تەنقىدىي رېئالىزملىق خاھىشقا ئىگە مەشھۇر ھەجۋىيات بولۇپ، ئۇنىڭدا پىكىر يامان ئاتىنىڭ ئەيىب - نۇقسانلىرى ئۇستىدە كېتىپ بارغاندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئاتنىڭ يامان خۇي - پەيلىنى سۆكۈش ۋاستىسى ئارقىلىق، نەزەر مۇپتىغا ئوخشاش خىيانەتكار، ۋاپاسىز، دىيانەتسىز كىشىلەرنىڭ ئالدامچىلىق، ئاچ كۆزلۈك، ئالا كۆڭۈللۈكتەك ناچار ئىللەتلىرى ئۆتكۈر ھەجۋىي تىل بىلەن راسا كېلىشتۈرۈپ ئەيىبلىنىپ، قاتتىق قامچىلىنىدۇ. دېمەك، ھەجۋىياتنىڭ ئوقلىرىغا دۇچ كېلىدىغىنى ئاڭسىز، زۇۋانسىز ئاتلار ئەمەس، بەلكى نەزەر مۇپتىغا ئوخشاشلاردىن ئىبارەت. بۇ ئەسەرنىڭ مەزمۇن ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتىكى ئورتاق ئالاھىدىلىكى، شۇنداقلا خاھىشى، تۈپ نېگىزى ۋە ئەھمىيىتى ئەنە شۇ يەردە.

نۆۋەتتە كەلگەندە بۇ ھەجۋىياتنىڭ يېزىلغان ۋاقتى ھەققىدىكى مۇنداق بىر نۇقتىلىق مەسىلە ئۇستىدە قىسقىچە پىكىر يۈرگۈزۈپ ئۆتۈش ئارتۇقلۇق

قىلماس. مەزكۇر ھەجۋىيات ئۇچۇن بىرىلگەن بەزى ئىبلان ۋە ياكى قىسمەن تەتقىقات ماقالىلىرىدا، بۇ ئەسەر ئەھمەددشاھ قاراقاشى قەشقەردىكى ئوقۇشىنى تاماملاپ دەل بىر يىل ئۆتكەندە يىزىلغان، دىگەن قاراشلارمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇنداق قاراشلار نىمىگە ئاساسلاندى؟ پاكىت يوق، ئىنىقكى، بۇ بىر خىل قىياستىنلا ئىبارەت. شۇڭا بىز ھەقىقىي پاكىتنى ھەجۋىياتنىڭ ئۆزىدىن ئىزدەيمىز. دەرۋەقە، ئەسەردە ئەھمەددشاھ قاراقاشى 60 تەڭگە پۇل ئەۋەتىپ بىر يىلدىن كىيىن نەزەر مۇپتىنىڭ ئات ئەۋەتكەنلىكى توغرىسىدا بايان بار. بۇنىسى راست، لىكىن بۇ راستلىق ئەمەلىيەتتە ئەھمەددشاھ يىڭى ئوقۇش پۈتكۈرگەندىن كىيىنكى بىر يىلنى ئەمەس، بەلكى پۇلنى ئەۋەتكەندىن كىيىنكى بىر يىلنى كۆرسىتىدۇ. ھالبۇكى، بۇ چاغدا ئەھمەددشاھ قاراقاشى ۋە ئۇنىڭ ساۋاقدىشى نەزەر مۇپتىلار ئاللىقاچان ياشلىق دەۋرىنى ئۇزاتقان، بىرنەچچىدىن پەرزەنتلىك بولۇش دەۋرىنى باشتىن كەچۈرۈپ، ھەتتا چاچ ـ ساقاللىرىغا قىرو تاشلانغان مەزگىلگە يەتكەن دەپ ئىيتىشقا بولىدۇ. بۇ ھەقتىكى پاكىت مەزكۇر ھەجۋىياتنىڭ ئۆزىدىن چىقىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن مۇنۇ مىسرالارغا نەزەر

ئاغدۇرىمىز:

«قارىلىق ھالىدىن سورىسام يېتىشتى نەچچەگە ياشىڭ، سېنىڭ ھالا بۇ كۇنلەردە ئاقارمىشمۇ قارا باشىڭ، ئايال، ئۇششاقلىرىڭ ساقمۇ، يەنە قەۋمۇ ـ قارىنداشىڭ، نېچۇكتۇر ئىشتىھايىڭ ھەم، سىڭەمدۇ ئابىيۇ ئاشىڭ، مىزاجىڭ خوپ، چىرايىڭ تازەمۇ ھۆسنۇ مالاھەتتە؟»

بۇنىڭدىن باشقا يەنە، ئەھمەدشاھ قاراقاشى بۇ ئاتتىن قۇتۇلۇش ئۇچۇن، بېدىكلەرنى ئىزدەپ، سوراپ يۈرگەنلىكى سۆزلەنگەن بايالىدا: «قارى ھالىم بىلەن قاتراپ ئۆيىگە كۆپ مېڭىپ ھاردىم» دېگەن مىسرا ئۇچرايدۇ. بۇ مىسرادىكى «قارى (قېرى) ھالىم» دېگەن سۆز دىققەتكە سازاۋەر، دېمەك، ھەجۋىيات ئەھمەدشاھ ئوقۇش پۈتكۈزۈپ دەل بىر يىل ئۆتكەندە يېزىلغان دېگەن پەرەزنى كۆتۈرۈپ چىقسىپ، 17 ياشلارغا كىرگەندە ئوقۇشقا بارغان ئەھمەدشاھنى تاكى قېرىپ ھالىدىن كەتكىچە ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى، دېگەن مەنىدىن چىقىرىش ئەقىلگە سىغمايدۇ. يەنە كېلىپ، ئۇ، شائىرنىڭ بىر پۈتۈن ئىجادىيەت پائالىيىتى جەريانىدا ئىدىيىۋى ئۆزگىرىشنى، يېزىق ئىقتىدارىنىڭ ئۆسۈپ

بېرىش جەريانىنى سىستېمىلىق تەتقىق قىلىشقىمۇ پايدىسىز. مۇشۇ نۇقتىدىن، بولۇپمۇ شائىرنىڭ ئۆز ئەسىرىدىكى پاكىتلىق بېشارەتلەردىن قاراپ، بۇ ھەجۋىياتنى شائىر 50 ياشتىن ھالقىغان، بەلكى 60 ياشلارغا كىرگەندە، يەنى 1800 ـ يىلللىرى ئەتراپىدا يازغان دەپ جەزم قىلىشقا بولىدۇ.

ھەجۋىياتنىڭ قۇرۇلمىسى سالامنامە، ئات ھەققىدە بايان ۋە ئەيىبنامىدىن ئىبارەت ئۈچ بۆلەكتىن تەركىب تاپقان بولسىمۇ، ئالدىنقى بۆلەكنىڭ كېيىنكى بۆلەككە، كېيىنكى بۆلەكنىڭ تۈگەللىمە بۆلەككە سالماقلىق يوسۇندا زېمىن ھازىرلاپ بېرىپ، ھەرقايسى بۆلەكلەرنىڭ سەكرەتمىسىز ھالدا بىر پۈتۈنلۈكنى ھاسىل قىلغانلىقى، شائىرنىڭ ئاجايىپ يۈكسەك بەدىئىي دىتىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ. يەنە بۇ ئەسەر تىل جەھەتتىمۇ ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدىكى ئەرەب، پارس تىل ئىبارىسىدا چۈشىنىكسىز يېزىلىشتەك ھادىسىدىن مۇستەسنا ھالدا ئانا تىلدا يېزىلىپ، ئاممىباب، چۈشىنىشلىك بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلىنغان. بۇمۇ شائىرنىڭ ئۆز تىلىدا ئوبرازلىق ئىپادىلەشكە تامامەن بولىدىغانلىقىنى نامايىش

قىلغانلىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئومۇمەن، ئەھمەدشاھ قاراقاشى تەنقىدىي رېئالىزملىق ئەدەبىيات خاھىشى بويىچە ئىجادىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىدە ھەجۋىيات ژانىرىنى بىر پۈتۈنلۈككە ۋە يۈكسەكلىككە كۆتۈرگەن ۋە بۇ جەھەتتە كېيىنكىلەرگە ئۆلگە تىكلەپ بەرگەن بۈيۈك نامايەندە دېگەن نامغا پۈتۈنلەي مۇناسىپ.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

## ئەھمەدشاھ قاراقاشىنىڭ «شاھ پولۇ» ناملىق ئەسىرى ھەققىدە ئىزدىنىش

مۇھەممەتتۇرسۇن سىدىق

كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىمىزدىكى مەشھۇر ساتىرىك شائىر، يېتۈك سۆز ئۇستىسى ئەھمەدشاھ قاراقاشى (1928 — 1740) نىڭ نامى ھەممىمىزگە تونۇشلۇق.

بىر قانچە يىلدىن بۇيانقى كۆپ قېتىملىق ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتلار ئارقىلىق دەسلەپكى قەدەمدە شائىرنىڭ ھاياتي پائالىيەتلىرىگە دائىر بىر قىسىم ماتېرىياللار ۋە «سالامنامە»، «مېۋىلەر ۋەسفى»، «پۇل» قاتارلىق ئەسەرلىرى تېپىلىپ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈلدى. بۇلار ئاز بولسىمۇ شائىرنىڭ تەۋەررۇك يازمىلىرىنىڭ ھېلىھەم خەلقىمىز ئارىسىدا ئەتىۋارلىنىپ ساقلىنىۋاتقانلىقىدىن بېشارەت بەردى. بىراق، شائىرنىڭ بىزگە نامى مەلۇم بولغان كۆپلىگەن

ھەجۋىيلىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، تېپىلغان يۇقىرىقى ئەسەرلەر ئايرىم بىر قىسىملىرىدىنلا ئىبارەت، خالاس. بۇ ھەقتىكى ئىزدىنىشنىڭ يەنىمۇ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، باشقا ئەسەرلىرىمۇ تېپىلغۇسى.

مەن مۇشۇ خۇسۇستىكى ئىزدىنىشكە ياندىشىش ھەۋىسىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن خېلىدىن بېرى تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ كېلىۋاتىمەن. «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ ئۆتكەن سانلىرىدا جامائەتچىلىككە تەقدىم قىلغان «فۇلنىڭ نەزمىسى» دېگەن ساتىرا ئەھمەدشاھ قاراقاشىنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە ئىزدىنىش سەپىرىمدىكى تۇنجى تېپىلما بولۇپ، بۇ ئەسەرنىڭ قولىيازمىسى قولۇمغا چۈشكەندىن كېيىن ئېلان قىلىشقا ئالدىرىماي، شائىرنىڭ ئەسەرلىرىگە مۇناسىۋەتلىك خىلمۇ خىل مەنبەلەردىكى ئۇچۇر - مەلۇماتلارنى توپلاپ تەپسىلىي ئۆگىنىپ چىقتىم.

ئۆگىنىش جەريانىدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 - يىلى نەشر قىلغان، يېقىنقى زاماندا ئۆتكەن شائىرلىرىمىزنىڭ شېئىرلىرى توپلىمى «سامانيولى» دېگەن كىتابنىڭ 53 - بېتىدە كۇچاردا ئۆتكەن شائىر

قارى بائىز تۇردى (1938 ــ 1885) قەلىمىگە مەنسۇپ قىلىنغان، قولۇمدىكى «فۇلنىڭ نەزمىسى» بىلەن ئوخشاش مەزمۇندا، ئەمما بەكمۇ قىسقا بولغان «پۇل» نامىدىكى سەككىز بېيىتلىك بىر پارچە نەزمىنى ئۇچراتتىم. بۇ ئەسەر دەسلەپتە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى يىغىش، رەتلەش، نەشر قىلىش ئىشخانىسى تەرىپىدىن تۈزۈپ باستۇرۇلغان «قەدىمكى كىتابلار تەتقىقاتى» مەجمۇئەسىنىڭ 1986 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان بولۇپ، مەن شۇ مەجمۇئەنى تېپىپ، ئەستايىدىل سېلىشتۇرۇپ چىقتىم. پەرق «فۇلنىڭ نەزمىسى» 36 بېيىت، «پۇل» سەككىز بېيىت بولۇپ چىقتى.

شائىر بائىز قارىمنىڭ تەرجىمىھالىدىن مەلۇم بولۇشىچە: بائىزقارىم ئۆزى شېئىر يېزىش بىلەن شۇغۇللىنىپلا قالماي، يەنە كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا نامى مەشھۇر بولغان نەۋائىي، فۇزۇلى، ھۇۋەيدا، زەلىلى قاتارلىق شائىرلارنىڭ نەمۇنىلىك ئەسەرلىرىنى تاللاپ كۆچۈرۈپ دىۋان قىلىپ چىققان ئىكەن. مەن بۇ مەلۇماتقا ئاساسەن ئەھمەدشاھ قاراقاشىنىڭ «فۇلنىڭ نەزمىسى» نىڭ تاللاپ كۆچۈرۈش سەۋەبى بىلەن بائىز

www.uyghurkitap.com

قارىمنىڭ ئەسەرلىرىگە ئارىلىشىپ قالغانلىقىنى جەزملەشتۈردۈم ـ دە، «فۇلنىڭ نەزمىسى» نى تەشرىگە تەييارلاپ، «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىغا بەردىم...

شۇنىڭدىن كېيىن ئەھمەدشاھ قاراقاشىنىڭ باشقا ئەسەرلىرىنىمۇ ئىزدەپ تېپىش ئىستىكى مېنى جىم تۇرغۇزمىدى. ئىزدەپ تېپىش ئىمكانىيىتى بولغانلىكى قولىيازمىلارنى ئاختۇرۇپ كۆردۈم؛ ئەھمەدشاھ قاراقاشىنىڭ ھاياتى ۋە ئەسەرلىرى ھەققىدە ئېلان قىلىنغان ماتېرىياللارنى تەپسىلىي كۆرۈپ بىر ـ بىرىگە سېلىشتۇردۇم. دەرۋەقە، تىنىمسىز ئىزدىنىش ھەر ھالدا ياخشى نەتىجە بەردى.

شۇ جەرياندا ئەھمەدشاھ قاراقاشىنىڭ ھازىرغىچە تېپىلمىغان يەنە بىر ھەجۋىي ئەسىرى «شاھ پولۇ» نىڭمۇ بائىز قارىمنىڭ ئەسەرلىرىگە ئارىلىشىپ قېلىپ، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1994 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا بائىزقارىمنىڭ نامىدا ئېلان قىلىنىپ كەتكەنلىكىنى بايقىدىم.

ئىلگىرى 1980 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا ئەھمەدشاھ قاراقاشىنىڭ ھاياتى ۋە ئەسەرلىرى ھەققىدە كۆپ ئىزدەنگەن تەلەپچان ئۇستاز شېرىپجان قاسىمى ئىزدىنىش نەتىجىلىرىنى يەكۈنلەپ

«ئەھمەدشاھ قاراقاشى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى توغرىسىدا» ناملىق بىر پارچە ماقالە تەييارلىغان ئىكەن. «خوتەن ئالىي پېداگوگىكا تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1997 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان بۇ ماقالىدە ئەھمەدشاھ قاراقاشىنىڭ «شاھ پولۇ» ناملىق ئەسىرىنىڭ بىر قىسىم پارچىلىرى تېپىلغانلىقى يېزىلغان ھەم بۇ پارچىلار (جەمئىي سەككىز مىسرا) بىللە بېرىلگەن. سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق يۇقىرىدىكى «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا بائىز قارىمنىڭ نامىدا ئېلان قىلىنغان «پولۇ» ناملىق شېئىر بىلەن شېرىپجان قاسىمى تەييارلىغان «شاھ پولۇ» نىڭ پارچىلىرىنىڭ ئەسلىي بىر ئەسەر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

«ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا بائىز قارىمنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن قوشۇپ بېرىلگەن، شائىرنىڭ ئوغلى ـ پېشقەدەم تارىخچى مەرھۇم مۇھەممەتئىمىن بائىزى تەرىپىدىن تەييارلانغان «شائىر موللا بائىز قارىي» ناملىق قىسقا ماقالىدىمۇ «موللا بائىز قارىي… فۇزۇلى، ئەھمەد يەسسەۋى، ئەھمەدشاھ قاراقاشى، موللاباقى قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن پۇختا تونۇشۇپ، ئۆز ئىجادىيىتىدە ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتىدىن

ئۆلگە ئالغان ھەمدە ئۆلاردىن ئۆلگە ـ نەمۇنىلەرنى خاتىرىلىگەن، ‹بۇ نەمۇنىلەر (دىۋان بىلائىزى) سەھىپىلىرىدە ھازىرغىچە ئەينەن ساقلانغان›› دېيىلگەن ئىكەن. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى ئۇستاز ئەدىبلەر قاتارى ئەھمەدشاھ قاراقاشى ئەسەرلىرىنىمۇ سۆيۈپ ئوقۇغان شائىر موللا بائىز قارىي ئەھمەدشاھ قاراقاشىنىڭ شېئىرلىرىدىن ئۆزى ياقتۇرغانلىقىنى تاللاپ خاتىرىسىگە كۆچۈرۈپ ساقلىغان. كېيىن بائىز قارىنىڭ ئەسەرلىرىنى نەشرگە تەييارلىغۇچىلار بۇ نەمۇنىلەرنى بائىز قارىنىڭ ئىجادىيەتلىرى دەپ قاراپ، شۇنىڭ نامىدا ئېلان قىلدۇرۇۋەتكەن.

دېمەك، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» دا ئېلان قىلىنغان بائىز قارىم نامىدىكى «پولۇ» ـــ ئەسلىدە ئەھمەدشاھ قاراقاشىنىڭ «شاھ پولۇ» دېگەن ئەسىرىنىڭ ئۆزىدۇر. كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىمىزدا ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ مۇنداق ئارىلىشىپ قېلىش ھادىسىسى كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ئىش بولۇپ، بىزنىڭ سەگەكلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

تۆۋەندە ئۇستاز شېرىپچان قاسىمى بايقىغان «شاھ پولۇ» ئەسىرىنىڭ قولىيازمىسىدىكى پارچىلار

بىلەن «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان موللا بائىز قارىي نامىدىكى «پولۇ» ناملىق شېئىرنى ئەينەن ھالدا جامائەتنىڭ نەزىرىگە سۇندۇم. قەلەمداشلارنىڭ بۇ ھەقتىكى مۇلاھىزە پىكىرلىرىنى ئايىماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## شاھ پولۇ (پارچىلار)

جىمى نېمەتلەر ئىچرە شاھى سۇلتاندۇر پولۇ،
يېسىلەر ئىمانغە قۇۋۋەت راھىتى جاندۇر پولۇ.
روھىغا نەزىر قىلىپ بەرسە، ئۆلۈك كۆرمەس ئازاب،
ھەر تەبىقىلەر ئاشقا تولغان خەتمە قۇرئاندۇر پولۇ.
ئالتە قارىي بىر بولۇپ، يېسە پولۇدىن بىر لېگەن،
شەرھى موللا مۇختىسەر ھەم ھېكمەت ئالسۇندۇر پولۇ.
ئىمامى يېسە پولۇنى چاينىماي ئۇشلاپ سالۇر،
ھېق تۇتۇپ كۆزنى ئالايتىپ، يېيىلمەي تۇرغان پولۇ.

## پولۇ

كۇللى نېمەتلەر ئىچىدە خان ۋە سۇلتاندۇر پولۇ،
يېسىڭىز ئىمانغە قۇۋۋەت راھىتى جاندۇر پولۇ.

ئېشىنى بەرسەڭ ئۆلۈككە، بۇ ئۆلۈك كۆرمەس ئەزاپ،
هەر تاباقى نۇرغە تولغان خەتمى قۇرئاندۇر پولۇ.
چارىگى بولسا گۇرۇچنىڭ، ئۈچ جىڭ ياغ هەم بىر جىڭ گۆش،
ئاشپىزى نائۇستا بولسا تۇۋى كۆيگەندۇر پولۇ.
بۇ مەھەل يېسەڭ پولۇنى يۈرىكىڭنى دەم قىلۇر،
چايى قىلغاي دەپئىنى ئول كارى ئاساندۇر پولۇ.
ئول ئۇچۇن تاغدا پەيغەمبەر تېشىن سىندۇرىلار،
شالغە پۈركەپ يەرگە كۆمگەن ئەسلى دەنداندۇر پولۇ.
ئىمامىلار مۇشتلاپ سالۇر، چاينىماي يۇتۇن يۇتۇر،
سىڭمەيىن هېچ تۇتتۇرۇپ، مەيدەدە تۇرغاندۇر پولۇ.
ئالتە موللام بىر بولۇپ يېسە پولۇدىن بىر لېگەن،
شەرهى موللا مۇختەسەر، هېكمەت ئىلاهىدۇر پولۇ.
ئاش ئەگەر ياغلىق بولسا، هور تېگىدىن ئالسىڭىز،
تۆپىسىدە گۆشى بولسا، مەشرەپ غەزەلخاندۇر پولۇ.

(ئىككى ئەسەردىكى مىسرالارنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىنلىكى، سۆزلەرنىڭ ئالمىشىپ كەتكەنلىكىدەك پەرقلەر كۆچۈرگۈچىنىڭ سەۋەبلىكى بولۇشى مۇمكىن).



www.uyghurkitap.com

# ئەھمەتشاھ قاراقاشنىڭ «پۇل» ناملىق ھەجۋىي ئەسىرى

مۇھەممەتتۇرسۇن سىدىق

18 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى ۋە 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قاراقاشتا ياشاپ ئىجاد ئېتىپ، ئۆزىنىڭ قويۇق ساتىرىك خۇسۇسىيەتكە، يۇقىرى تەربىيۋى قىممەتكە ئىگە، شەكلى ئۆزگىچە ئەسەرلىرى بىلەن كلاسسىك ساتىرا ئەدەبىياتىمىزنىڭ رىۋاجىغا مەزمۇت ئۇل قويغان ھۆرمەتلىك قەلەم ساھىبى ئەھمەدشاھ قاراقاشى (1740 – 1828) ئۆزىنىڭ «سالامنامە»، «ئات قىسسىسى»، «مېۋىلەر ۋەسفى» قاتارلىق داڭلىق ساتىرالىرى بىلەن ھەممىمىزگە تونۇشلۇق.

بىراق، ئۆز ئۆمرىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى ئىلمىي، ئىجادىي مەشغۇلات بىلەن ئۆتكۈزگەن بۇ زاتنى مۇبارەكنىڭ كۆپلىگەن ئەسەرلىرى تېخى بىزگە مەلۇم

ئەمەس. بۇ خۇسۇستىكى ئىزدىنىش ھېلىھەم داۋام قىلماقتا. كەمىنە ئىلگىرى ياشاپ ئۆتكەن ئەجدادلارنىڭ ئىزىنى ئىزدەشكە ھەۋەسلىنىپ، شۇ يولدا تىمىسقىلاپ كېلىۋاتقان بىر ھەۋەسكار بولۇش سۈپىتىم بىلەن خېلىدىن بېرى بۇ ھەقتە ئىزدىنىشتە بولۇپ كېلىۋاتىمەن. دەرھەقىقەت، ھەركەتنىڭ بەرىكىتى بار ئىكەن، ئىزدىنىش داۋامىدا دەسلەپكى قەدەمدە ئەھمەتشاھ قاراقاشىنىڭ جايلاردىكى كۆتۈپخانىلاردا ساقلىنىۋاتقان بىر قىسىم ئەسەرلىرى ھەققىدە ئاز بولسىمۇ، مۇھىم ئۇچۇرلارغا ئېرىشتىم (بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلار «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 5 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «مەشھۇر ساتىرىك شائىر ئەھمەتشاھ قاراقاشى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيەتلىرى» دېگەن ماقالىدە يېزىلغان).

ھاسىل كالام، بۇ قېتىم يەنە ئەھمەتشاھ قاراقاشى ئەسەرلىرى قوليازمىسىنىڭ ئەسىرىمىزنىڭ باشلىرىدا ئېلىپ چىقىپ كېتىلىپ، ھازىر رۇسىيىنىڭ لېنىنگراد (ھازىر سانكىت پېتربورگ دەپ ئاتىلىدۇ) ئاسىيا خەلقلىرى ئىنستىتۇتىدا ساقلىنىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى ئۇچۇرغا ئېرىشىش بىلەن بىرگە شائىرنىڭ بولۇشى مۇمكىن دەپ

تەخمىن قىلغان بىر پارچە ساتىرىك نەزمىنى ئۇچراتتىم.

بۇ، 1997 - يىلى ئەتىياز ئايلىرىدا بۇرادەرلىرىمدىن بىرسى بولمىش ياش مۇئەللىم مۇھەممەتتوختى كۆرۈۋېلىشقا بەرگەن ئۆزىنىڭ ئانا تەرەپ چوڭ دادىسى مەرھۇم ئاقىل ئاخۇندىن قالغان بىر قىسىم كونا كىتابلار، قولىيازمىلار ئارىسىدا ساقلانغان، خوتەن قەغىزىگە ئارۇز ئىلمىنىڭ غەزەل شەكلىدە يېزىلغان، «پۇلنىڭ نەزمىسى» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان 36 بېيىتلىق بىر پارچە ساتىرىك نەزمىدىن ئىبارەت.

تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇ ئەسەرنىڭ مەرھۇم ئاقىل ئاخۇن تەرىپىدىن، مەلۇم بىر دىنىي كىتابنىڭ ئاخىرىغا كۆچۈرۈپ قويۇلغانلىقىنى بىلگەن بولسامۇ، بىراق ئاقىل ئاخۇن 1996 - يىل 1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى 92 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن قايسى مەنبەدىن، قاچان كۆچۈرۈلگەنلىكىنى بېكىتىش مۇمكىن بولمىدى.

«پۇلنىڭ نەزمىسى» نامىدا ئاتالغان بۇ ئەسەر مىسرالارنى بىرىنىڭ ئاخىرىغا بىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ قارا سىياھ بىلەن كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، مىسرالار ئارىسى قىزىل قەلەم بىلەن «○» بەلگىسى ئارقىلىق

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئايرىلغان. 7 ـ مىسرا ئاخىرىدىكى «٥» بەلگىسى ئىچىگە كۆك سىياھ بىلەن «غاقىل اخۇن» دېگەن كۆچۈرگۈچى ئىسمى يېزىپ قويۇلغان.

مەلۇمكى، ئەھمەدشاھ قاراقاشىنىڭ ھاياتى ھەققىدە بۇرۇن ئىزدىنىشتە بولغانلار شائىرنىڭ ئەۋلادلىرىدىن مەرھۇم ئابدۇقادىر ئاخۇننىڭ ئېيتىپ بەرگىنىگە ئاساسەن، مۇئەللىپىنىڭ «سالامنامە» دىن باشقا يەنە «پۇل»، «شاھ پولۇ»، «مېۋىلەر جېدىلى»، «دوڭغاق»، «ھەزرەت» قاتارلىق ھەجۋىي ئەسەرلىرىنىڭ بارلىقى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن.

ئادەملەر ئارىسىدىكى ئاچ كۆزلۈك، ئىنساپسىزلىق، ھەسەتخورلۇق، ئىتتىپاقسىزلىقتەك پەسكەش، رەزىل ئىللەتلەر پۇلنى كىنايە قىلىش ۋاستىسى ئارقىلىق كۈچلۈك نەپرەت قامچىسى بىلەن قامچىلانغان، قويۇق، ھەجۋىي خۇسۇسىيەتكە، چوڭقۇر تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بۇ ئەسەرنى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان «پۇل» دېگەن ئەسەرنىڭ ئۆزى شۇ دېگەن قاراشتىمەن.

ئەپسۇسكى، غەزەلنىڭ بەزى مىسرالاردا ۋەزىن، قاپىيىلەر قىسمەن بۇزۇلغان، ئەسەرنىڭ ئوتتۇرىدا ئىككى مىسرا كۆچۈرۈلمەي قالغان. بۇ بەلكىم كۆچۈرگۈچىنىڭ سەۋەنلىكى بولۇشى مۇمكىن.

# ئەھمەدشاھ قاراقاشنىڭ «مېۋىلەر مۇنازىرىسى» ناملىق ئەسىرى توغرىسىدا

ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن

ئۆزىنىڭ «نەزەر مۇپتىنغا خەت»، «ئات ھەققىدە قىسسە»، «يامان ئات ھەققىدە مۇخەممەس»، «سالامنامە»، «مۇھەببەتنامە»، «ئات قىسسىسى»، «تاڭسۇق ھېكايە» قاتارلىقناملار بىلەن ئاتالغان مەشھۇر ساتىرىك ئەسىرى ئارقىلىق، ئۆزۈندىن بۇيان ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى ۋە خەلق قەلبىدىن پەخىرلىك ئورۇن ئېلىپ كېلىۋاتقان ھۆرمەت ساھىبى ئەھمەدشاھ قاراقاشى (1740 – 1828) نىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلىۋاتقىنىغا 20 يىلدەك ۋاقىت بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ تەتقىقات ئۇنىڭ ھاياتى ۋە يارىماس ئات ئوبرازىنى سۈپەتلەش ئارقىلىق، خىيانەتكارلىقنى قاتتىق قامچىلىغان مەشھۇر

ساتىرىك مۇخەممىسى بىلەنلا چەكلىنىپ قالدى. ئۇيغۇر كلاسسىكلىرى ھەققىدە يېزىلغان مەخسۇس كىتابلاردىمۇ مەرھۇم يازغۇچىمىز تۇردى سامساقنىڭ شائىر ھەققىدە بەرگەن تۇنجى مەلۇماتى ئاساس قىلىنىپ، چوڭقۇر ئىزدىنىلمىدى. ئەسلى قولىيازمىسى بىلەن تولۇق يېتىپ كەلمىگەن «سالامنامە» جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ 20 يىل ئۆتكەن بولسىمۇ، بۇ ھەقتە مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بېرىلماي، مۇخەممەسنىڭ مەزمۇنى ھېكايىلاشتۇرۇلۇپ چۈشەندۈرۈلۈپلا كۆپايىلەندى. بۇنىسى ئازلىق قىلغاندەك، شائىر ئەھمەتشاھ قاراقاشىنىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى مۇنازىرە ژانىرىدا يېزىلغان مەشھۇر ئەسىرى «مېۋىلەر مۇنازىرىسى» (بۇ ئەسەر «مېۋىلەر ۋەسخى»، «مېۋىلەر جېدىلى»، «مېۋىلەر مەجلىسى» دېگەندەك ناملار بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ) مەتبۇئات يۈزىدە ئېلان قىلىنغىنىغا توپتوغرا 18 يىل بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئەنە شۇ 18 يىل جەريانىدا نەشر قىلىنغان ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ھەققىدىكى كىتابلاردىن «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى» (1987 - يىل نەشرى)، «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىن تېزىس»

(1987 ـ يىل نەشرى)، «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى قىسقىچە تارىخى»، (1996 ـ يىل نەشرى)، «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» (3 ـ قىسىم، 1993 ـ يىل نەشرى)، «19 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (1998 ـ يىل نەشرى) قاتارلىقلارنىڭ ھېچقايسىسىدا بۇ ھەقتە پەقەت تەتقىقات ـــ شەرھلەش ئېلىپ بېرىلمىدى. تەلىيىمىزگە، ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىشقا بېغىشلىغان، ئەمما ئەجرىگە لايىق ھۆرمەت تاپالمايۋاتقان ھوسۇللۇق تەتقىقاتچىمىز ئابدۇرېھىم سابىت ئەپەندى 1982 ـ يىلى مىخ مەتبەئەدە باستۇرغان تۆت قىسىملىق ئىلمىي كىتابى «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» دا تۇنجى قېتىملىق قىسقا مەلۇماتنى بەردى. شائىر ئەھمەدشاھ قاراقاشىنىڭ ئات ھەققىدىكى ساتىرىك مۇخەممىسى ئەدەبىياتىمىزدا قانداق ئورۇن تۇتسا ۋە قانداق ئەدەبىي قىممەتكە ئىگە بولسا، «مېۋىلەر مۇنازىرىسى» ناملىق ئەسىرىمۇ شۇنداق قىممەتكە ئىگە. شۇ سەۋەبلىك شائىرنىڭ ئىجادىيىتى ھەققىدە توختالغىنىمىزدا، ئۇنىڭ مۇنازىرە ئەدەبىياتىمىزدا مۇھىم ئورۇن تۇتقان مەزكۇر ئەسەردىن چەتنەپ ئۆتۈپ

كىتىشكە قەتئىي بولمايدۇ.

«مىۋىلەر مۇنازىرىسى» — شائىرنىڭ «ئات ھەققىدە مۇخەممەس»، «شاھ پولۇ»، «پۇل نەزمىسى» قاتارلىق ساتىرىك ئەسەرلىرىگە ياندىشقان مۇھىم بىر ئەسىرى بولۇپ، ئۇ ئاغزاكى تىلغا يېقىنلىقى، يادلاشقا ئوڭايلىقى، قىزىقارلىق ۋە جەلپ قىلارلىقى بىلەن خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغان بولغاچقا، بىزگىچە بىر قانچە خىل ۋارىيانتتا يېتىپ كەلگەن. بۇ ئەسەرنىڭ ئەڭ دەسلەپتە «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1982 - يىل 3 - سانىدا ئېلان قىلىنغان نۇسخىسى بىلەن 1988 - يىلى «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 2 - سانىدا ئېلان قىلىنغان نۇسخىدىكى پەرقلەر بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. يېقىندا ئابدۇغېنى سەيدىن «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1998 - يىل 3 - سانىدا «ئەھمەدشاھ قاراقاشىنىڭ ‹شاھ پولۇ›، ‹مىۋىلەردىكى جېدەل› ناملىق ئەسەرلىرى ئۈستىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، «دىۋان نىيازى» نىڭ ئاخىرىغا كۆچۈرۈلگەن مۇنازىرە تېمىسىدىكى ئىككى پارچە ئەسەرنى ئەھمەدشاھ قاراقاشىنىڭ دەپ كۆرسەتتى. بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر ئەسەر مەزمۇن ۋە مىسرا جەھەتتە «مىۋىلەر



www.uyghurkitap.com

مۇنازىرىسى» گە ئاساسەن ئوخشاپ كەتكەچكە، ئاپتور باشقا بىر ئەسەرنىمۇ «ئەھمەدشاھنىڭ ‹شاھ پولۇ› ناملىق ئەسىرى» دەپ ئېلان قىلدى. ئەمما «شاھ پولۇ» نىڭ تولۇقسىز يېتىپ كەلگەن تېكىستىنى ئۇنىڭ بىلەن سېلىشتۇرساق، «دىۋان نىيازى» دىكى يەنە بىر ئەسەر ئەھمەدشاھنىڭ ئەمەس بولۇپ چىقىدۇ. «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «مېۋىلەر مۇنازىرىسى» ناملىق ئەسەرنى «دىۋان نىيازى» نىڭ ئاخىرىدىكى «مېۋىلەر مۇنازىرىسى» بىلەن سېلىشتۇرغاندا، مەزمۇن ئوخشاپ كېتىش بىلەن بىرگە بەزى مىسرالار ئوخشاپ كەتسىمۇ، بىر پۈتۈن ئەسەردە ئوخشىماسلىقلار يەنىلا كۆپ مەۋجۇت. بۇ ھەقتە ئايرىم ماقالە ئېلان قىلىدىغىنىمىز ئۈچۈن بۇيەردە ئارتۇقچە توختىلىپ ئۆتمەيمىز. ئەسەرنىڭ ئەڭ دەسلەپ ئېلان قىلىنغان نۇسخىسى مىسرا — ۋەزىن ئاھاڭدارلىقى، بوغۇم ئۆلچىمى، تىل ئالاھىدىلىكىنىڭ تېخىمۇ يېپىشقاق، چۈشىنىشلىكى بىلەن باشقا نۇسخىلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىدىغان بولغاچقا، بىز «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1982 - يىل 3 - سانىدا ئېلان قىلىنغان نۇسخىنى ئەڭ ئىشەنچلىك نۇسخا دەپ قاراپ، بۇ ھەقتىكى

تەتقىقاتىمىزنى مۇشۇ نۇسخىنى ئاساس قىلىپ ئېلىپ بېرىش زۆرۈر دەپ قارىدۇق.

«مېۋىلەر مۇنازىرىسى» نىڭ «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان نۇسخىسى جەمئىي 266 مىسرا بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇجمە، ئۆرۈك، ئالما، شاپتۇل، ياڭاق، ئانار، چىلان، بېھى، نەشپۈت، جىنەستە، قوغۇن، ئۈزۈم، خورما قاتارلىق 13 تۈرلۈك مېۋىنىڭ بىر يەرگە جەم بولغاندىن كېيىن، «كىم بەك ئەتىۋار، تۆھپىسى تولا؟...» دېگەن تېمىدا مۇنازىرىلەشكەنلىكى بايان قىلىنىش ئارقىلىق، بىر تەرەپتىن ھەر قايسى مېۋىلەردە بولىدىغان ئۆزىگە خاس سىرتقى كۆرۈنۈش (شەكىل)، ئالاھىدىلىك، ئەلگە يەتكۈزىدىغان پايدا، مەنپەئەت ياكى زەرەر تەسۋىرلەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن، مېۋىلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق ئىجتىمائىي جەمئىيەتتىكى ئادەت كۈچى، تۇرمۇش ۋە ئادەملەردىكى يارىماس خۇي - مىجەز، تەكەببۇرلۇق، مەنمەنچىلىك... قاتارلىقلار يۇمۇرلۇق تىل بىلەن قامچىلانغان.

تۆۋەندە مەزكۇر ئەسەردە مۇجەسسەملەنگەن بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلەر ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

1. «مېۋىلەر مۇنازىرىسى» دەپ ھەر بىر مېۋىنىڭ

ئـارتۇقچىلىقى سـۆزلىنىش بىلـەن بىرگـە، بـەزى مېۋىلـەرنىڭ مەدەنىيـەت تـارىخىمىزدا تۇتقـان ئورنـى تېخىمۇ يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەن. مەسىلەن:

ئۈجمە ماختاندى ئۇردى كۆپ لاپنى،
غازاڭى «راست» دەپ چالدىلار داپنى.
«پىشارمەن ئەۋال خۇش قىلىپ ئەلنى،
ياپراغىم ئەتلەس، باغلاشۇر بەلنى.
شۆھرىتىم تولا روھى ھىندىستان،
ئىراقى ـ ئىران، بەلخى، تۈركىستان.
يۇرسەم چۇشمەسمەن تۆگىدىن بىردەم،
شاھزادە، خانىش بولغايلار ھەمدەم.
پۇدۇشۇپ يەرلەر پۇل كەتمەس ماڭا،
بۇنداق ئەۋزەللىك قەيەردە ساڭا؟...»

دېگـەن مىسـراللاردا، ئۈجمىنىـڭ مېۋىسـىدىن باشـقا يوپـۇرمىقىمۇ ئىنتـايىن قىممـەتلىك ئىكـەنلىكى، ئۇنىڭدىـن پـىلە ئۆسـتۈرۈپ يىپـەك ئـالغىلى بولىدىغـانلىقى، ئۇنىڭدىـن تۇقۇلغـان ئەتلەسـلەرنىڭ نـامىنىڭ «ھىندىسـتان، ئىـراق، ئىـران، بـەلخ، تۈركستان» لارغىچە مەشھۇر ئىكەنلىكىنى، خوتەننىڭ

ئۈچ چوڭ گۆھىرىنىڭ بىرى بولغان «يىپەكچىلىك» نىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدىن پەخىرلىك ئورۇن ئىلىشىدا ئۈجمىنىڭ كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرسە:

ئۈزۈم ئېيدىكى: «ئەي قاغۇن قالتاق،
سېنى كىم يېسە ئاغزىدۇر شالتاق.
..................
ئەل تېرەڭ سويۇپ قىلار شورلار قاق،
قورساقىڭ يارۇر ھەم موزاي، توپاق.

دېگەن مىسرالاردا ئەجدادلىرىمىزدىن قېپقالغان يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىدىكى قوغۇننى ياز پەسلىدە شاپىقىنى ئېلىۋېتىپ ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ قاق قىلىش ئارقىلىق، قىش كۈنلىرى ئوزۇق قىلىدىغانلىقى ئىنچىكە بايانلار ياردىمىدە ئەكس ئەتتۈرۈلسە:

خورما ئېيدىكى: «ئەي ئۈزۈم شوك بول،
خوجاڭ مەن تۈرۈپ تىگماس ساڭا يول.
...............

قىلادۇر ئۇزۇم، سۈيۈڭدە چىقىر،
چىقىر ئىچكاننىڭ گۇناھى ئىغىر...».

دېگەن مىسراlاردا، ئەڭ دەسلەپكى تېببىي ئوپېراتسىيىلەردە ناركوز قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن ئۈزۈم ھارىقىنىڭ كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئوپېراتسىيىدىن باشقا چاغلاردىمۇ ئىشلىتىلىپ، مەست بولۇپ، مەستلىكتە بولمىغۇر ئىشلارنى قىلىپ قويىدىغان ناچار ئادەتلەرنىڭ كۈنسېرى ئەۋج ئېلىۋاتقانلىقىنى سۈرەتلەپ بەرگەن.

2. «مېۋىلەر مۇنازىرىسى» دە قاراقاشنىڭ يەرلىك شېۋىلىرىمۇ ئاندا - ساندا ئۇچراپ تۇرىدىغان بولۇپ، بۇلار بىزنىڭ قاراقاشنىڭ يەرلىك شېۋىسىنى تەتقىق قىلىشىمىزدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مەسىلەن: «شۈك»، «شالتاق»، «قازناقچى»... دېگەندەك.

3. «مېۋىلەر مۇنازىرىسى» دە قوغۇن تىلىدىن بېرىلگەن:

بىر ئاتىم مېنىڭ «قاراگىر پىژگان»،
تەم - لەززىتىمدە ئەسلا يوق نۇقسان.

بىرسى «ئاق نابات»، بىرسى «كۆك نابات»،
قەيسىنى يېسا شېكەرۋ ـ نابات.
بىر ئاتىم يەنا بىل «بىشەك شېرىن»،
لەززىتىم ئالەم ئەھلىغە تەئيىن.
بىر سۇپاتىمدۇر «تۇرلىغى چاغدا»،
«جاغدا» دەك مېۋە بارمىدۇر باغدا؟
يەيدۇر ئىستاپ «چۇرۇك» دەپ تىشلىق،
«جاغدا» نى يىغىپ قىلاشۇر قىشلىق.

دېگەن مىسرالاردا، قاراقاشتا تېرىپ ئۆستۈرۈلگەن قوغۇن تۈرلىرىدىن «قاراقاش پىژگان»، «ئاق نابات»، «كۆك نابات»، «بىشەك شېرىن»، «تۇرلىغى چاغدا»، «جاغدا» قاتارلىق قىشلىق ـ يازلىق قوغۇنلارنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈپ، بىزنىڭ ئەينى دەۋردە يەنى 18 ـ ئەسىرنىڭ ئالدى ـ كەينىدە خوتەندە، جۈملىدىن قاراقاشتا تېرىپ ئۆستۈرۈلگەن قوغۇن تۈرلىرىنى تەتقىق قىلىشىمىز ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك تارىخىنى تېخىمۇ مول ماددىي ئىسپاتلار بىلەن تەتقىق قىلىشىمىزدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

4. ئەھمەدشاھ قاراقاشى قەشقەر «خانلىق

مەدرىسە» دە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا، تىبابەتچىلىك ئىلمىنى پۇختا ئۆگىنىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، گۈزەر مەسچىتىدە ئىمام بولۇپ قالغاندىن بىرگە قوشۇمچە تېۋىپلىق بىلەنمۇ شۇغۇللانغان بولغاچقا، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك دورىلىرىنىڭ خام ئەشيالىرىدىن بولغان مېۋىلەرنىڭ تەبىئىتى بىلەن تونۇشۇپ چىقىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، «مېۋىلەر مۇنازىرىسى» ناملىق بۇ ئەسىردە ھەر قايسى مېۋىلەرنىڭ دورىلىق قىممىتى ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان. بۇ بىر تاسادىپىي ئەھۋال بولماستىن، بەلكى ئەھمەدشاھ قاراقاشىنىڭ تىبابەتچىلىك ئىلمىدىنمۇ پىششىق خەۋەردار، تالانتلىق ئەدىب ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

5. «مېۋىلەر مۇنازىرىسى» نىڭ ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيىتى — تىلىنىڭ ساپلىقى بولۇپ، ئەرەب، فارسىي تىللىرىدىن ئاساسەن خالىي، ئوقۇغانلا ئادەم ئاسانلا چۈشىنەلەيدۇ. ھەر بىر مېۋىسىنىڭ ئۆز ئارتۇقچىلىقىنى تەسۋىرلەپ ئېيتقان سۆزلىرى ناھايىتى يۇمۇرلۇق بولۇپ، كىشىنى ئىختىيارسىزلا

ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ.

6. شائىر ئەھمەدشاھ بارلىق ئەسەرلىرىدە ئىنسانىي پەزىلەتنى ياقلاپ، مەنمەنچىلىك، تەكەببۇرلۇق، خىيانەتكارلىق، ئاچ كۆزلۈكتەك ناچار ئىللەتلەرنىمىزنى قامچىلاپ، باراۋەر، ئادىل دۇنيا يارىتىشتەك ئىسلاھاتچىلىق ئىدىيىسىنى تەرغىب قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ خىل ئىلغار ئىدىيىسى «مېۋىلەر مۇنازىرىسى» دە روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئەسەرنىڭ ئاخىرىدىكى:

بولدى خورما باش ـ جىملىگە سۇلتان،
ئۆزگۈسى بولدى تۇتقۇچى پەرمان.
شاھ خورما تۆرگە چىقىپ ئولتۇردى،
سۆزگە كىرمىگەن بولسە ئۆلتۇردى.
بارچە ھۆكمىدە تىزىلدى سەپ ـ سەپ،
ھەر قايسىسىغە بۇيرۇدى مەنسەپ.
ئۇزۇمنى قىلدى ئۆزىگە ۋەزىر،
نەشپۇت سايلاندى با مەسلىھەت ئەمىر[1].
ھۆكمى سۇلتان، كى بېھى ئىشىك ئاغە[2]،

[1] ئەمىر ـــ لەشكىي قوماندان.
[2] ئىشىك ئاغە ـــ دەرۋازىۋەن.

بولدى شاپتۇل جىملىغە دورغە[1].
ئالمىغە تەگدى مەنسەبى قازى[2]،
شول ۋەقىت بولدى ئانار ھەم مۇپتى[3].
قاغۇن - تابۇزنى مىراپ[4] ئەيلەدى،
جىملە تەشنانى سىراپ[5] ئەيلەدى.
يەنە ئۆرۈكنى قىلدى قازناقچى،
ئۈجمە ھەم بولدى شاھقە ينداقچى.
قىلدى چىلاننى بۇندا باكاۋۇل،
ياڭاقنى دەرۋازىغە ياساۋۇل.
پىتىنخور ئەردى پاكار جىنەستە،
تەگمىدى خىزمەت قالدىلار پەستە...

دېگەن مىسرالاردىكى ھەر قايسى مېۋىلەرنى مۇۋاپىق خىزمەتكە قويۇپ، پىتىنخورلۇقلىقى سەۋەبلىك خىزمەت تەگمىگەن جىنەستىنى تىلغا ئېلىشى، ئۇنىڭ ئادىل شاھ يېتەكچىلىكىدە ھەممە ئۆز

[1] دورغە —— ئالۋان يىغقۇچى، يۇگۇر - يېتىم ئىشلىرىنى بېجىرگۈچى.
[2] قازى —— دىنىي مۇئەسسەسەلەردە دەۋا ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان شەرئەت ھۆكۈمچىسى.
[3] مۇپتى —— نازارەت قىلغۇچى.
[4] مىراپ —— سۇ ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى.
[5] سىراپ —— قاندۇرماق، قانماق.

ئىشى بىلەن مەشغۇل بولىدىغان گۈللەنگەن ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىشتەك ئىلغار ئىدىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش بىلەن بىرگە، پىتنىخورلۇقتىن ئىبارەت يارىماس ئىللەتكە بولغان غەزەپ - نەپرىتىنى ئىنچام دېتاللارنىڭ ياردىمىدە يورۇتۇپ بەرگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

بىز يۇقىرىدا شائىر ئەھمەدشاھ قاراقاشىنىڭ مۇنازىرە تېمىسىدا يېزىلغان مەشھۇر ئەسىرى «مېۋىلەر مۇنازىرىسى» ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتتۇق. بۇ مۇشۇ ئەسەر ھەققىدىكى دەسلەپكى تەتقىقات بولغاچقا، بەزىبىر سەۋەنلىكلەردىن خالىي بولالماسلىقى تەبىئىي. شۇڭا كەڭ كەسپداشلارنىڭ تەكلىپ - پىكىرلىرىنى ئايىماسلىقىنى ۋە بۇ ھەقتە ئەتراپلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## شاھ پولۇ

كۈللى نىئمەتلەر ئىچرە خانۇ سۇلتاندۇر پولۇ،
يېسىلەر ئىمامغە قۇۋۋەت، راھىتى جاندۇر پولۇ.

روھىغا نەزىر قىلىپ بەرسە ئۆلۈك كۆرمەس ئەزاب،
ھەر تاباقى نۇرغە تولغان خەتمە قۇرئاندۇر پولۇ.

چارىكى بولسا گۇرۇچنىڭ ئۈچ جىڭ ياغ ھەم بىر جىڭ گۆش،
ئاشپىزى نائۇستا بولسا تۇۋى كۆيگەندۇر پولۇ.

ئول ئۈچۈن تاغىدا پەيغەمبەر تېشىن سىندۇردىلار،
شالغە پۇركەپ، يەرگە كۆمگەن ئەسلىي دەنداندۇر پولۇ.

ئىمامىلار مۇشتلاپ سالۇر، چاينىماي پۇتۇن يۇتۇر،
سىڭمەيىن ھېق تۇتتۇرۇپ مەيدەدە تۇرغاندۇر پولۇ.

ئالتە موللام بىر بولۇپ، يېسە پولۇدىن بىر لېگەن،
شەرھى موللا مۇختەسەر، ھېكمەت ئالسۇندۇر پولۇ.

ئاش ئەگەر ياغلىق بولسا ھو تېگىدىن ئالىسىز،
تۆپىسىدە گۆشتى بولسا، مەشرەپ غەزەلخاندۇر پولۇ.
......

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

# « نەزەر مۇپتىغا خەت »

دۇئايى بىئەدەد، خاجە، نەزەر مۇپتىمغە ئەلبەتتە،
تەھىيياتۇ سەلامىم ئانچۇنان ئاھۇ نادامەتتە،
ۋىسال ئولغاي دۇئا بىرلەن سەلامىم ياخشى سائەتتە،
سىنى ياد ئەيلەگۇم ھەر كۇن سەھەرلەردە ئىبادەتتە،
كى سەندىن ئۆزگە دوستۇم يوق ئىدى ئاقسۇ ۋىلايەتتە.

ساڭا مەن نامە يازدىم، نا مۇناسىپ لەفزدىن، ئەي يار،
بىھەمدۇللاھ، تىرىكلىكتىن نىشانە ئەيلەدىم ئىزھارى،
بىلىشنى ئىستەسەڭ، مۇندا شۇكۇركىم، بىز ئەمەس بىمار،
تىنىڭ ساقمۇ بۇ كۇنلەردە سىنىڭ، ئاندا نەھالىڭ بار،
مۇشەققەتلىكمۇ سەن، يا ئۆتتىمۇ ئۆمرۈڭ فەراغەتتە؟

قارىلىق ھالىدىن سورىسام، يىتىشتى نەچچىگە ياشىڭ،
سىنىڭ ھالا بۇ كۇنلەردە ئاقارمىشمۇ قارا باشىڭ،
ئايال، ئۇششاقلىرىڭ ساقمۇ، يەنە قەۋمۇ قارىنداشىڭ،
نىچۇكدۇر ئىشتىھايىڭ ھەم، سىڭەمدۇر ئابىيۇ ئاشىڭ،
مىزاجىڭ خوب، چىرايىڭ تازەمۇ ھۆسنۇ مەلاھەتتە؟

ئىشتىكىل، ئەي رەفىقا، سۆزنى ئەھمەدشاھ قاراقاشتىن،
بايان ئەيلەيكى ھالىمنى ساڭا ئەمدى يېڭىۋاشتىن،
ئەقىدەم بار ئىدى شۇنچە يەقىن تۇغقان قارنداشتىن،
سېنىڭ كۆڭلۇڭ ماڭا قاتتىق ئىكەن گويا قارا تاشتىن،
كۆرۈپمەن، بىلگەنىم يوق مەن ئۇنى ئەينى زەرۇرەتتە.

سېنى مەن دوستۇ يارىم دەپ، كۆڭۈلدە ئىئتىقاد ئەتكەچ،
مۇھەببەت رىشتەسىدىن ھەر زەمان كۆڭلۈمنى شاد ئەتكەچ،
سىفاتىڭنى قىلىپ دائىم خوتەن ئەھلىغە، ياد ئەتكەچ،
ئىبەردىم ساڭا ئاتىمىش تەڭگەنى، كۆپ ئىئتىماد ئەتكەچ،
ئىبەرگەيمۇ دەبان بىر ياخشى ئات، ئۆتتۈم خىيانەتتە.

يۇلۇمنى توختاتىپ بىر يىل، ئىبەرىپسەن ماڭا بىر ئات،
ئېشەكچە يوقكى رەفتارى، بۇ ئاتنىڭ ھەر نەفىئىلى يات،
كى يولدا توختاۋالدى قامچە بىرلەن ئۇرماسام پات ـ پات،
كۇلا، ئارغامچەنى ئۇزدى قوزۇققا باغلاسام قات قات،
ئۇلاپ ئارغامچەنى ھاردىم، كۈنى قالدىم ھالاكەتتە.

بايان ئەيلەي يەنە بىر ـ بىر بۇ ئاتنىڭ ئەيىبىنى، ئاڭقا،
قىڭىر قۇيرۇق، سىڭا سۆڭگەچ، پۇتى مايماق، بويى لاڭقا،

www.uyghurkitap.com

بىرى تەپكەك، بىرى مۇڭگەك، بۇ ئەيىبلەر ئۈستىگە ماڭقا،
ساماندىن بەش كۈشۈك يەپ، ھەر قەدەمدە بىر تۈرۈپ ساڭقا،
تۇغۇلماس ھېچ ۋىلايەت ئىچرە بىر ئات بۇ قىيافەتتە.

مىنىپ چىقسام ئالىپ ئۇردى، يىقىلدىم، نەچچە كۈن ياتتىم،
قويۇپ بەرسەم، بۇزۇپ باغنى، ھەمىشە ئەلنى قاقشاتتىم،
سۇغۇرغاندا قاچىپ سۆدرەپ، ئاران ھارغاندا توختاتتىم،
تېگىشتىم ئۇي بىلەن بەش ـ ئالتە نەۋبەت، ئون قاتىم ساتتىم،
قىلىپ دەئۋا كېلىشۈەردى، ماڭا ياندى شەرىئەتتە.

ئەگەر يولغا مىنىپ چىقسام، تۈزۈك يۈگۈرۈپ چاپالمايدۇ،
ۋەيا ئۇي ھارۋىسى بىلەن بارابەرمۇ ماڭالمايدۇ،
مۇبادا توختاپ ئالغاندا ئۇرۇپ قويسا چىچاڭلايدۇ،
مىنىپ تۇرغان كىشى شۇئان بىرىپ يەرنى قۇچاقلايدۇ،
خەتەرلىكتىن بۆلەك خىسلەت تېپىلماس بۇ كەسافەتتە.

ئۇرۇپ مىڭ تەستە چاپتۇرسام، سوكۇلدايدۇ ئېشەك ئوخشاش،
قوساق سانجىق بىلەن ئاغرىپ، كېتەر گويا زىڭىلداپ باش،
يەنە بىر ئەيىبى شولدۇر، چىرقىراپ سىت، يولدا تاپتۇختاش.

زىرىكمەي مىنىسە، بىر سائەت بىرەلمەس ھېچ كىشى بەرداش،
شەھەر ـ يېزا ئارا قىلغان سەفەر، سەيلە ـ ساياھەتتە.

زەرۇرەتتىن مىنىپ، دوستلار بىلەن بارسامكى بىر سارى،
بولالماي چۈشكەچە، ئاش ۋاقتىلىق يەرگە بارىپ ھاردى،
كېيىن قالدى ئېشەكتىن، ناگەھان ئۇي بىرلە تەڭ باردى،
پاتىققە بىر پاتىپ ئالسا، كۆتەرسە قوپماغاي زادى،
قايان بارسام بۇ ئات بىرلەن قالىپدۇرمەن پەلاكەتتە.

ئارىقنى كۇرسە ياندى ئارقاسىغە، ئۆتمەدى ئاتلاپ،
ئەگەر يولغە كىرىپ ئالسا مەگەركىم، ھارمادى قاتراپ،
غۇلاپ بوينىغە تۇشتۇم، قاتارغاننىڭ زەبتىدىن ساچراپ،
ئىچىم سانجىق بىلەن تولدى، قۇۋۇرغام بەنتىدىن ئاجراپ،
ساقايدىم ھەر زامان پارپى بىلەن مەئجۇنى شەربەتتە.

بوغۇز يېسە باسىپ يېدى تولا ئىخلاس بىلەن چايناپ،
خورازدىن قىزغانىپ پۇرقۇپ، تېپىشلەپ پۇتلىرى ئويناپ،
ساۋۇتقاندا تۇرار مۇگدەپ، كۆزىدىن ھەم چافاق قايناپ،

كى باشى ساڭگىلار يەرگە، چىۋىنلەر بەستىنى قاپلاپ.
قايۇ بىر جانغە خۇش كەلگەي سىياقى بۇ لاياقەتتە؟

بۇ ئاتقا ئىستەسە، ئالەمدە بىر ئوخشاشىنى تاپماسلار،
يىقىلسا نەگاھان سۇدرەپ، تېپىپ ـ ئۇرماسا قوپماسلار،
زورىدىن بىر يۈگۈرسۈن دەپمۇ ھەرنەقىلسا، چاپماسلار،
سەلاملاشسام، تۇرۇپ ئالىپ، تاياقسىز زادى ماڭماسلار،
دەرىخا، قالماسۇنلار يولدا ھېچكىم ئۇشبۇ ھالەتتە.

تېپىپ قاشىغە كەلتۈرمەس كىشىلەرنى، يەقىن بارسا،
تۈيۈقسىزلا مۆڭۈپ قاچقاي، بىرەر شەپە تۇيۇپ قالسا،
ساچىپ رەسۋا قىلار ئوت ـ چۆپ، سامانىنى ئالدىغە سالسا،
ئوقۇر ئۆرۈيدۇ ھەر كۈندە ئېغىل ئىچرە ئورۇن ئالسا،
بۇ ئاتتىن بەك زېرىكتىم مەن باقىپ بىچاغ بىتاقەتتە.

ئېغىلنى توختاماي بۇزدى، ئىشىكنى كۆپ قاتىم چاقتى،
بوغۇپ تەخەرنى ئۆلتۈردى، موزايىنىڭ ھەم خۇنى ئاقتى،
قاچىپ كەتسە تۇتۇق بەرمەي، تالاي كۈن باشقىلار باقتى،



www.uyghurkitap.com

تۆلەپ ھەق ھارمادىم مەنمۇ، ھايات ھەركىمگە خۇش ياقتى،
تالافەتتىن بۆلەكنى كۆرمەدىم، قايغۇ ـ نەدامەتتە.

بوشاپ چىقسا تالاغا، توختاماي سەكرەپ چىچاڭلايدۇ،
كىرەر بولسا چەمەننى چەيلەبان، بوستاننى چاڭلايدۇ،
كىشىنى كۆرسە كىشنەپ، كەلسە چىشلەپ، تېخى قوغلايدۇ،
قاپاقۇ كوزىنى چەيلەپ، چۆگۈننى ئۆرە قويمايدۇ،
بالا ـ ئۇششاقلىرىم بۇ ئات بىلەن ھەردەم ئەداۋەتتە.

بۇزۇپ ئەلفازىنى بىر كۈن قاچىپ بىر مەلىگە يەتتى،
كى قوغۇنلۇقنا كىردى، ئىشتىھا بىرلە غاجاپ كەتتى،
جامائەت ئاۋلاشىپ شۇدەم ئاغىز ـ بۇرنۇمنى قان ئەتتى،
بەدەل بەردىم تاغار ئاشلىق، قوساقنى دەرد ـ ئەلەم ئەستى،
بۇ ئات بىرلەن قالىبدۇرمەن ھەمىشە كۆپ مەلامەتتە.

مېنى زاڭلىق ئېتىشنى خەلق، بۇ ئات ئەھۋالى كۆپ تارقاپ،
ئالىپ چىقماسقا بەند قىلدىم، ئۇنى تۇۋرۇككە چىڭ باغلاپ،
قۇماردى ـ يۇلدى تۇۋرۇكنى، كېچە كىرسەم مۆڭۈپ قۇتراپ،

كەسافەتنى ئېغىل باسقاچ توكۇر بولدى پۇتى ئاقساپ،
دېدىم مەن: ئۆلسەمۇ ئۆلسۇن، خۇدا قىلغان ئىرادەتتە.

ئۇرۇغ- تۇغقانلىرىم قانچە قاشىمغە ئات سوراپ كەلدى،
بۇ ئاتنىڭ ئەسلىي خۇي- پەيلى مېنى غەمگە ئوراپ كەلدى،
باھانە ئەيلەسەم نەچچە، ئۇلار يامان قاراپ كەلدى،
ئىلاجىم يوق بېرىپ ئەردىم، مىنەلمەي ياندۇرۇپ كەلدى،
بۇ جانىم چىققالى تۇردى كۈنى يۈزمىڭ خىجالەتتە.

ئىبەرگەن بۇ ئاتىڭغە ھېچ كىشى بىر يول قاراپ باقماس،
قەلەندەر بىرلە ھابدالدىن بۆلەكلەرگە غولى ياقماس،
كۈتەرىپ گەز بويى ھېچ ئات ساغىرنى ئۇشبۇ رەڭ چاقماس،
كىشىكىم ئات بەلاسىدىن بۇ ياڭلىغ بىھېساب قورقماس،
ئالىشتىم، غەم بىلەن قايغۇ باسىپ تائەت ـ ئىبادەتتە.

تولا ھەيدەۋېتىپ باقتىم، سوراپ ـ ئىستەپ ئېلىپ كەلدى،
يېدى ئات ئاشلىقىمنى دەپ نەچچە نەۋبەت زىيان ئالدى،
زىيانىنى بەرمەسەم، ھەيدەپ كېتىپ، ئۈچ كۈن سولاپ سالدى،

يىغىپ يۇرت خەلقىنى، ئالدى زىيانىنى، ئات ماڭا قالدى،
خالايىق ئىچرە قالمىشتۇر باشىم ئانداغ شىكايەتتە.

قۇتۇلسام ئۇشبۇ ئاتتىن دەپ خەرىدارىنى ئاختاردىم.
بېدىكنى ھەر قاچان كۆرسەم، سۇچۇك تىل بىرلە يالباردىم،
قارى ھالىم بىلەن قاتراپ ئۆيىگە كۆپ مېڭىپ ھاردىم،
يېيىشلىك ھەم كۈچى بار دەپ ئانى مەن ئانچە ماختادىم،
بازاردا يەتمەدى ئالغان پۇلۇمغا بۇ سەلاھەتتە.

ساتالمايىن بۇ ئاتنى مەن، سالىپ ھەر ھەفتە بازارى،
بۇ ئاتنىڭ ئەپتىدىن قورقۇپ يەقىن كەلمەس خەرىدارى،
يامانلىق شۆھرەتى بولدى خوتەن بازارىدا جارى،
بىراۋ كۆرسە ئانى، قاچتى، ئالىب بارغىل دەبان نارى،
نېتەيكىم، مەن بۇ كۈن دوست ـ يار ئارا چەندان مەلامەتتە.

بىزار بولغاچ تولا، كۈن ـ كۈن يەنە بازارغا ئەپ چىقتىم،
تىلەگەنگە ساتايىن دەپ، بۇ سۆزنى ئۆيدە دەپ چىقتىم،
ياپىپ جۇل ھەم يەنە ئوبدان ئېگەر ئۇستىگە سەپ چىقتىم،

ساتىلماي قالماغايدى دەپ تۈمەنمىڭ غەمنى يەپ چىقتىم،
نەدامەت ئەيلابان، قالدىم ئەجەب بىچاغ زەلالەتتە.

كى ئاندى ئىككى ئاي باقتىم پىچانغە روزۇ شەب باغلاپ،
سىلاپ جىسمىنى مەن ھەر كۈندە كۈنجۈتە ياغىدا ياغلاپ،
بوغۇزنى قايناتىپ بەردىم، يىدى ھەر چاغ ئۆزى چاغلاپ،
بىدىكلەر ئولىشىپ يالغاننى ئايتىپ، ئانچۈنان دامداپ،
ئەخىر ساتتىم نىسىغە، بىر قەلەندەر ئالدى مۆھلەتتە.

شىكايەتكە ئاغىز ئاچسام ئارام ئالماي قىلارمەن داد،
قۇتۇلدۇم ئۆشبۇ ئاتتىن، بولدى كۆڭلۈم قايغۇدىن ئازاد،
سۈنۈپ پۇت ـ قولنى ياتقۇم ئەمدى راست رۇھى رەۋانىم شاد،
نەزەرلەردىن ھەزەرلەر ئەيلەمەككە مىڭ قەسەملەر ياد،
كى ئۆمرۈم ئۆتكۈسى دوستۇيارانلارغە سەداقەتتە.

تۈشۈبدۇر ئاسماندىن ئون تۈلۈمدا لاف بىلەن يالغان،
جەمئى ئالەمغە بىر ھەسسە، دۆلانغا توققۇزى قالغان،
سەھىھ يالغان ئەمەسمۇ ئاتنى ئاتمىش تەڭگەغە ئالغان،

بۇ ئاتمىش تەڭگەدىن تەھقىقكى ئوتتۇز تەڭگەنى سالغان،
غەنى بولغان ئىكەنسەن ئەسلىدىن شۇنداق خىيانەتتە.

ئۆزۈڭ موللا، بەرادەر، بىنەھايەت نەفسىڭ غالىب،
چىرايىڭ خۇب سەلافەتلىك، بىلۇرمەنكىم دىلىڭ قالىب،
بولۇپدۇرسەن بارىپ ئاندا كىشىنىڭ ھەققىغە تالىب،
كۇنۇڭ ئوبدانىمىدۇر، ئەي يار، مېنىڭ ھەققىمنى ئېپ قالىپ،
كەچۇرۇپ روزىغارىڭنى يۇرۇپسەنمۇ ھەلاۋەتتە؟

سېنى مۇپتى دېگەن بىرلەن، تۇزۇك ئانچە سەۋادىڭ يوق،
سېنىڭ ھەق بىرلە ناھەقنى بىلىش چاغلىق ئىمانىڭ يوق،
ساداقەت يارۇ دوستلارغە ئۇمىدۇ ئىئتىقادىڭ يوق،
قارىنداش، ئەلگە، تۇغقانغە تارىغچە ئىئتىمادىڭ يوق،
ئىشەنگەي كىم ساڭا ئەمدى، بەرادەر، ئۇشبۇ ھالەتتە؟

نامۇس قىل خەلقى ـ ئالەمدىنكى، سالىمسەن، ئەمەس بىمار،
خىيانەتلىك قىلىپ شۇنچە، خىجىللىق ئەيلەمەك دەركار،
مېنىڭ ھەققىمنى يەپسەن، خەير، يېمەگىل ئۆزگەنىڭ زىنھار،

كىشىنىڭ ھەققىنى يەپ، مىڭ ئىبادەت قىلغىنىڭ بىكار،
سەئىي بىرلە تونۇكون ئۇخلاماي تۇرساڭمۇ تائەتتە.

ماڭا ئول ئات ئۇچۇن دائىم ئۆيۈمدە كۆپ مەلامەتتۇر،
يېمەك بىر ئاتتا ئوتتۇز تەڭگەنى قانداق خىيانەتتۇر،
يەقىنلاشقاچ قىيامەت، بەد دىيانەتلىك ئەلامەتتۇر،
مېنىڭ قالغان پۇلۇم بىر نەچچە كۈن سەندە ئەمانەتتۇر،
بېرەدۇرسەن ئۇنى تاڭلا تولۇق روزى قىيامەتتە.



uyghurkitap.com

## «مېۋىلەر مۇنازىرىسى»

...ئەردىلەركى ياز، كۆپ زامان بۇرۇن،
مېۋىلەر باغدا تۈزۈشتى سورۇن.

ئۇسسۇل قىزىدى، ئولتاردى ـ تۇردى،
ھەممە ماختىنىپ لابىنى ئۇردى.

«كىم بەك ئەتىۋا، تۆھپىسى تولا؟...»
بولدىلار شۇنداق پاراڭ ـ غۇلغۇلا.

باشقا تىزىلدى ئاقارىپ ئۈجمە،
ئۇ سۆز باشلادى تىڭشادى ھەممە.

ئۈجمە ماختاندى، ئۇردى كۆپ لاپنى،
غازاڭمۇ «راست» دەپ، چالدىلار داپنى.

پىشارمەن ئەۋۋەل خۇش قىلىپ ئەلنى،
ياپراغىم ئەتلەس، باغلاشۇر بەلنى.

شۆھرىتىم تولا رۇمۇ ھىندىستان،
ئىراقۇ ئىران، بەلخۇ تۇركىستان.

يۇرسەم چۇشمەسمەن تۆگمىدىن بىردەم،
شاھزادە، خانىش بولغايلار ھەمدەم.

پۇدۇشۇپ يەرلەر پۇل كەتمەس ماڭا،
بۇنداق ئەۋزەللىك قەيەردە ساڭا؟...»

ئۆرۈك سورۇنغا چۇشتى شاپاشلاپ،
غازاڭ، شاخىنى يۇدۇپ ـ ھاپاشلاپ:

ئۇ ئايدى[1]: «باغدا مەندۇرمەن خۇبان[2]،
بىر يۇزۇم سارىخ، بىر يۇزۇم تابان[3].

---

[1] ئايدى ــ ئېيتتى.
[2] خۇبان ــ ياخشى، ئەڭ ياخشى.
[3] تابان ــ يۇمىلاق (تولۇن).



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىلىش ئادرېسى

چىچەكىم زىننەت نەۋرۇز تاغىغا،
ھىدىم خۇشنۇد[1] ھەم ئەل دىماغىغا.

غورامنى سالىپ ئىتەشۇر يۇبدان،
ئايغىن مىنىڭدەك بارمىدۇر ئوبدان؟

سەبرى قىلغانغا يىمىشىم ھالۋا،
پەسلەشۇر ماڭا ئەقىلسىز كالۋا! ...»

ئالما دەرغەزەپ، قىزاردى يۈزى،
دوملاپ كەلدى مەيدانغا ئۆزى:

— ئەي ئۆرۈك، — دېدى، — مەندۇرمەن ئالما.
سىنىڭ باشىڭغا ئاتار تاش ـ چالما.

ئادەملەر سىنى باغقە قويماسە!
تىشى[2] قامىسە، يىسە تويماسە.

---

[1] خۇشنۇد — شاد، رازى.
[2] تىشى — چىشى.

مېنى ياخشىلار ئۇلتۇرۇر يىلداپ[1]،
ئويناشۇر بىرى ـ بىرىگە تاشلاپ.

ئارىزۇ ماڭا بۇ ئەھلى ـ جەھان،
تۇتاشار مېنى سوۋغا قىز ـ جەۋان.

يوقتۇر مەندەك ئەھلى ھۆرمەتلىك،
يېگاندە تامى لەزىز ـ لەززەتلىك.

يېسە ھەر كىم بۇ لەززەتتىم بىلە،
يېرىلۇر ئاغزى شەربەتىم بىلە...»

ئالما بۇ جەڭنى تەمام ئەيلەدى،
شاش شاپتۇلا «خەپ!» دېدى، قاينادى.

تۇرالمادى ئۇ دېمى قىسىلىپ،
ئۇرۇش باشلادى شۇئان ئېسىلىپ.

---

[1] يىلداپ ـــ ھىدلاپ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى

دېدى شاپتۇلا: «ئاچچىغ ئالماسەن،
سەت ـ نەشقىلىق [1] بىلەن تېخى سولارسەن.

‹ئالما› دەپ ئاتىلىق بار ئۆزۈڭ بىلە[2]،
سېنى كىم ئالسۇن بۇ سۆزۈڭ بىلەن؟

ئۆزۈڭنى نېچۇن ئەھلى[3] ئېتەسەن؟
ئاشۇل سۇپەتكە تەمسىل ئېتەسەن؟

مەن تۇرۇپ سېنى كىم يەيمەن دەيدۇر؟
مەن بەھەم بولغاچ، ئان[4] سېنى يەيدۇر.»

سېنى كىم يېسە ئاغزىدۇر ئاچىغ،
سۇغى ئەفزۇن[5] بوپ تىگەدۇر ئاغرىغ.

ئۆزۈڭ ئۆتكۈرمە ئەي ئاچىغ ئالما،
سېنى يېگەنلار ساپ[6] كىچىك بالا.

---

[1] نەشقىلىق ـــ ناخشالىق.
[2] بۇ مىسرادا «ئالما» سۆزىنى «پۇلغا ئالما» مەنىسىدە ئىشلىتىپ، سۆز ئويۇنى قىلغان.
[3] ئەھلى ـــ (ئادەم) قاتارغا تىزىسەن مەنىسىدە.
[4] ئان ـــ ئاندىن كېيىن.
[5] سۇغى ئەفزۇن ـــ سوغۇقى ئېشىپ.
[6] ساپ ـــ ھەممىسى.

سەن ئاچىغ ئۈچۈن سۆزلەرىڭ مۇنداق،
ئانىڭ جازاسى يېسە ھەم شۇنداق.

بولدى ھەددىدىن زىيادە سۆزۈڭ،
ئەمدى سۆزلەمە قارادۇر يۈزۈڭ...

ئېيتتى ئۇ يەنە: مەندۇرمەن ئەئلا،
لەززىتىمنىڭ يوق ھېسابى ئەسلا.

شۇڭا مېۋىلەر ئارا ھۆرمەتلىك،
لەزىزەدۇرمەن تەئمى لەززەتلىك.

يېسە ھەر كىم بۇ لەززەتىم بىلە،
يارىلۇر ئاغزى شەربەتىم بىلە،

مېنى يەر بولسە كىمنىڭ ئىمكانى،
ھۇزۇر ئالۇرلار ـ ئەسلا يوق سانى.

يوق مېنى يېمەي ھېچكىم قەرارى،
توق بولسۇن گەرچە يەتمەس ئامالى.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندى ئادرېسى

مېنىڭ بارلىقىم ئەلنى شاد قىلۇر،
بىر قېتىم يېگەن دائىم ياد قىلۇر.

يېسە ھەر ياخشى مەگەر تۇشىدە[1].
تاڭلاسى قوپۇپ تۇتادۇر رۇزە...»

قىلدى شاپتۇلۇ ئۇرۇشنى ئەدەم[2]،
ئالماغە شۇنداق يەتتىلەر ئەلەم.

شاپتۇلۇ بىلەن قىلماققە مەيدان[3].
ياڭاق ئاچچىقلاپ كەلدى شۇ زەمان:

«سەن كوھى جەھان[4]، سۆزۈك ئانچۇنان[5].
يۈز ـ كۆزۈڭنى تۇك بېسىپتۇر ھەيۋان!

يېسە ھەر كىم بەش ـ ئالتى شاپتۇلۇ،
ئاغزى بەتتامدۇر يېگەندەك ئاغۇ[6]...»

---

[1] تۇشىدە ــــ چۇشىدە.
[2] ئەدەم ــــ تامام، ئاخىرلاشتۇرۇش.
[3] مەيدان ــــ مۇنازىرە.
[4] كوھى جاھان ــــ تاغنى ماكان ئەتكۇچى.
[5] سۆزۈك ئانچۇنان ــــ گېپىڭ شۇنچە كۆپ.
[6] ئاغۇ ــــ زەھەر.

شۇ يەڭلىغ ماجىرا تۆكتىلەر ياڭاق،
ئۆز تەئرىفىگە ئاچتىلار تاماق[1].

ئايدى ئۇشۇنداق: «مەندۇرمەن دىلدار،
قىزۇ - ئوغلانلار مېنىڭ ئويىنار.

تۆھپە ئەيلەشۇر چەت - يىراق يەرگە،
غېمىم يوق ئۇرسا ھەر قانداق يەرگە...»

ئاچچىقلاپ ياڭاق ھالى قالمادى،
ئاناردىن كەتتى ھوش، تۇرالمادى.

دەمدىن سوڭ[2] ھوشىغا كېلىپ شول سائەت،
ماجىرا قىلغالى قىلىپ تېز سۇرئەت.

ياڭاق بىلە ئۇ باشلادىلار جەڭ،
ياڭاق ھالىنى ئەيلەدىلەر تەڭ:

---

[1] تاماق ــــ (تامغاق) ئېغىز.
[2] سوڭ ــــ كېيىن، ئارقىدىن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

«ياڭاق ـيالڭاچ، تېرەڭنى سويۇپ،
ئاپتاپقا قاقلار، تاغارغە قۇيۇپ.

سېنىڭدىن مەگەر بىر تاغار بولسە،
ھوشۇڭچە تاش ھەم گەر چاقار بولسە.

يېرىلۇرسەن ھەر ئۇرسىلەر ‹جاق ـ جاق›،
چاقادۇر سېنى دۇمبالاپ ‹ۋاق ـۋاق›.

ھەر كىم چىرايى بولسە گەر قىزىل،
كۆرگەنلەر ماڭا قىلادۇ تەمسىل.

قىزىللىغىمدۇر زىننىتى باغى،
لالە باغرىدا ئەشكىنىڭ [1] داغى.

ياخشى ۋەسفىمنى[2] تېخى قىلدىم كەم،
ئەيب، ئۆزۈڭنى ئۆتكۈرمە بۇ دەم!...»

---

[1] ئەشك ــــ ھەسرەت يېشى.
[2] ۋەسفىم ــــ تۆھپە.

ماجىرانى تەمام ئەيلەدى ئانار،
تەئرىپنى شۆنداق سوزلەدى بىسيار.

نەۋبەت چىلاننىڭ ئايدى: «ھەي تەلبە،
لافىڭدا قىلاي دەمسانا غەلىبە؟

قىلادۇر ھەر كىم سېنى پار ـ پارە،
ئاچاڭ ئورۇلسە ھالىڭ نەچارە...».

چىلان ئەشۇنداق ئۇرۇشنى باشلاپ،
قىلدى ۋەسفىمنى ئوتراغا تاشلاپ.

«ئاتىمدۇر چىلان، ئۆزۈم بىر سەھاب[1]،
ھەممە ئاغرىقنىڭ داۋاسى ـ ئەسباب[2].

يىغار ھەر كىشى مېنى ‹دارى› دەپ،
ئاغرىقنىڭ شىفا سەھەت يارى دەپ.»

[1] سەھاب — قىزىل.
[2] ئەسباب — 1) قورال، 2) كېرەكلىك، لازىملىق، 3) سەۋەبلەر.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئىشتىپ چۈن بېھى چىلان سۆزىنى،
مەيدانغە ئۇردى شۇئان ئۆزىنى،

ئۇ گاھ يۇملاپ، گاھى يۈگەرىپ،
چىلان يۈزىگە نەچچە تۈكەرىپ.

دېدى: «بىھەيا، سوقا شەرمەندە،
ماجىرا قىلغالى نېمە ھەد سەندە؟

ساڭا كىم قويدى سۆزلىمەكلىكنى،
قىلدىڭغۇ تالاي بىئەدەبلىكنى!

نەشقىڭنى ئېيتىپ بىزگە سۆزلەرسەن،
ئۆزۈڭگە يۈزمىڭ ئەلەم كۆزلەر سەن.

بارچە مېۋىلەر ئارا مەن ئەئلەم[1]،
ياخشى ۋەسفىمنى بولدى، مەن دېمەم[2].»

---

[1] ئەئلەم ـــ ئەڭ بىلىملىك؛ تونۇلغان؛ ئەئلەم دىنىي جەھەتتىكى كاتتا مەنسۇپ، نام.
[2] دېمەم ـــ دېمەيمەن.

ئىشتىپ نەشپۈتە بۇ مەغلۇبەنى،
يۈگەرىپ كەلدى ئۇرغالى ئانى[1].

دېدىكىم: «ئاتىم - نەشپۈت غەيرەتلىك،
يېگەلى لەزىز، شېرىن شەربەتلىك.

يېسە ھەركىم بۇ لەززەتىم بىلە،
يارىلۇر ئاغزى شەربەتىم بىلە.

چۈن يەتتى ماڭا شاھلىقتا نەۋبەت،
ئۆزگىدە بارمۇ، ئايت، مەدەندەك ھۆرمەت؟

بولسە ھەر كىشى ئەقىللىق، دانىش،
زەرۈرەت قىلۇر ساقلاپ يازۇ قىش...»

نەشپۈتە سۆزنى ئەيلەدى ئاخىر،
جىنەستە بولدى مەيداندا ھازىر.

---

[1] ئانى — ئۇنى.

ئۇ ھەم ھېكايە باشلادى دەرھال،
ماجىرا ئەيلەدى ياپراغى تال ـ تال.

ئايدى جىنەستە: «نەشپۇتە، نادان،
دېگەن سۆزلەرىڭ ھەممەسى يالغان!

‹مەن نەشپۇتە› دەپ پاراڭ ئەتتىڭ كوپ،
ھەر بىر سۆزۇڭدىن باتىللىق[1] توكۇپ.

كۆرۇشتۇڭ مېنىڭ مېۋەمنى كىچىك،
بويۇمنى پاكار، ئۆزۇمنى ۋىجىك.

قېنى قايسىڭدىن قالادۇر ۋەسفىم،
قىلمادى ئەجەب يۇزلەرىڭ ‹چىم ـ چىم›.»

قاغۇنغا[2] ئانداق يەتتىلەر خەبەر،
ماجىرا قىلاققە ئاتلاندى سەھەر.

---

[1] باتىللىق ـــ ئىناۋىتى يوق ئۆتمەس سۆز.
[2] قاغۇن ـــ قوغۇن.

بولدى جىنەستە شۇمنىڭ سۆزىنى،
پارە - پار قىلدى قاغۇن ئۆزىنى.

چۈشتى سۇرئەتتە قاغۇن شول زەمان،
قىزىدى ماجىرا ئەجەب بىر مەيدان.

قاغۇن ئايدىكى: «ئەي جىنەستە شۇم،
شۇملۇغۇڭ ئالەم ئەھلىغە مەئلۇم.

ئەي ھەرامزادە، بىھايا، ئاتىسىز،
مىنى يوق دەپ نە لاپنى ئاتىسىز.

ماڭا بىر باقىن جىنەستە ئەقرەپ[1]،
ئاغرىيدۇ كىمكى قويسە سىنى يەپ.

ئەي - ئەي پاراڭچى، ئالا يۇملاق،
ساڭا ئوخشە كوپ ئىغىلدا ماياق.

---

[1] ئەقرەب ـــ چايان.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى ئادرېسى

تارت تىلىڭنى يىغ، ئاۋايلا ئۆزۈڭ،
ئۆزۈڭگە تۇشلۇق بولسۇن گەپ- سۆزۈڭ.

قاغۇن ئاشۇنداق ماجىرا قىلۇردى،
جۇملە[1] دىن ئۇزىن ئەفزۇن[2] بىلۇردى.

ئايدى ئۇ يەنە: «مەندۇرمەن نىئمەت،
مېنى كىم يېسە تاپۇرلار راھەت.

بىر ئاتىم مېنىڭ ‹قاراقاش مىژگان›[3]،
تەم - لەززىتىمدە ئەسلا يوق نۇقسان.

بىرسى «ئاقنابات»[4]، بىرسى ‹كوك[5] نابات›،
قايسىنى يېسە شىكەرۇنابات.

[1] جۇملە ــــ ھەممە، بارچە، جىمى.
[2] ئەفزۇن ــــ زىيادە، ئارتۇق.
[3] «قاراقاش مىژگان» ــــ قاراقاشتىن چىقىدىغان مىژگان قوغۇنى.
[4] قوغۇنلارنىڭ ئىسمى
[5] قوغۇنلارنىڭ ئىسمى

www.uyghurkitap.com

بىر ئاتىم يانا بىل ‹بىشەك شىرىن›[1]،
لەززىتىم ئالەم ئەھلىغە تەئيىن.

بىر سىغاتىمدۇر ‹تۇرلىغى[2] جاغدا›،
‹جاغدا› دەك مىۋە بارمىدۇر باغدا؟

يەيدۇرۇر ئىستاپ ‹چۇرۇك› دەپ تىشلىق[3]،
‹جاغدا› نى يىغىپ قىلاشۇر قىشلىق.

خەلقىنىڭ ياخشىسى مىنى تىرۇرلار،
پىشقانىمنى يەر تىشى قىرىلار.

مىنى تىرىغان بولادۇر پازىل[4]،
تاڭلا[5] جەننەتكە بولغۇسى داخىل[6].

---

[1] قوغۇن سورتلىرى
[2] قوغۇن سورتلىرى
[3] تىشلىق — چىشى بار كىشىلەر مەنىسىدە.
[4] پازىل — ھۆرمەتلىك.
[5] تاڭلا— قىيامەت، مەھشەر كۈنى.
[6] داخىل — كىرمەك، يەتمەك.

تۇغقان كېلۇرمىز تابۇز[1] بىلە بىز،
قانار ئۇسسالىق ئېنى يېسەڭىز.

تۇبۇز چوقۇر، لېك[2] ئىچىدۇر گۇلنار[3]،
ئانىڭ شەربەتى گۇشتىدىن بىسيار[4].

كەلتۇر ئالدىڭغە پارە قىل بىرنى،
چىقار ئېنىڭدىن بىر قازان شىرنى.

بارمۇ ئالەمدە مەن كەبى مەھبۇب[5]،
قانچە دەي پۇتماس[6] بۇ سىفاتىم كۆپ...»

قاغۇننىڭ مۇنچە سۆزىنى ئاڭلاپ،
چۇشتى مەيدانغە ئۇزۇم ساڭگىلاپ.

---

① تابۇز — تاۋۇز.
② لېك — لېكىن.
③ گۇلنار — قىزىل رەڭ.
④ بىسيار — زىيادە، ئارتۇق.
⑤ مەھبۇب — يېقىن، سۆيۈملۈك.
⑥ پۇتماس — (پۇتمەس) - تۇگىمەس.

ئۇزۇم ئايدىكى: «ئەي قاغۇن قالتاق[1]،
سېنى كىم يېسە ئاغزىدۇر شالتاق[2].

بەزى مۇشت بىلەن باشىڭنى يارۇر،
كوتەرىپ بەزەن يەرگە راس سالۇر.

تارقاپ بىر قىلۇر مەينەت تۇرۇقۇڭ،
بولغايدۇ ئۆينى شاپاق، ئۇرۇقۇڭ.

باش بورنۇڭ چىقسە، پىشاڭ ئىت يەيدۇ،
بۇ سىفاتىڭنى كىممۇ بىلمەيدۇ؟

ئەل تېرەڭ سويۇپ قىلاشۇرلار قاق،
قورساقىڭ يارۇر ھەم مۇزاي، تورپاق.

پىشقانىڭ تۇرماسلار ساپاقىدە،
خاملارىڭ قالۇر مال ئاياغىدە...»

---

[1] قالتاق ـــ قاداغ، بەزلەش.
[2] شالتاق ـــ پاسكىنا.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۆزۈم شۇ يەڭلىغ قىلدى كۆپ ئۇرۇش،
ئايدى تەئرىفلەپ ئۆزىنى، خۇرۇش[1].

«مەندەدۇرمەن مېۋە ئارا ئاززۇلۇق،
خۇش يېمەككە مەن ھەمەدىن تاتلۇق[2].

نازەنىندۇرمەن چەمەن ئىچىندە،
مەن كەبى بىرسى بارمۇ ئالەمدە؟

ئول شىرنە مەندىن بولۇپدۇر پەيدا،
شىرنە ھالۋاغە ھەمەدۇر شەيدا.

قىلاي سوزۇمنى بۇ يەردە تەمام،
قىلماسۇن يانا ئەيب خاسۇ ئام...»[3]

بۇ ھېكايەنى ئىشىتىپ شول زەمان،
خورما كەلدىلەر قىلغالى مەيدان.

---

① خۇرۇش ــــ (خېمىر تۇرۇش) گەپ يورغىلىتىش، غوۋغا كۆتۈرۈش مەنىسىدە.
② تاتلۇق ــــ تاتلىق.
③ خاسۇ ئام ــــ جامائەت.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

خورما ئايدىكى: «ئەي ئۈزۈم شۆك[1] بول،
خوجاڭ مەن تۇرۇپ تەگمەس ساڭا يول.

نەشقىڭ بىلە كۆپ ماجىرا قىلاسەن،
ھەددىڭدىن ئاشىپ يۈزۈڭ قارا قىلاسەن.

كۆمەدۈر قىشتا بېشىڭ تۇپراقغە،
گەردەنلەرىڭدىن ئاسار قازناقغە،

قىلادۈر ئۈزۈم، سۈيۈڭدە چاغىر[2].
چاغىر ئىچكەننىڭ گۇناھى ئاغىر...»

شۇبۇ خۇسۇستا گەپ بولدى ئەفزۇن،[3]
خورما بولدىلار جۇملەدىن فۇزۇن.[4]

ئايدى ئۇ يانا: «مەنلا شاھدۇرمەن،
ھەممە ـ بارچەغە ھەم پاناھدۇرمەن.

---

[1] شۆك ــــ جىم.
[2] چاغىر ــــ ھاراق، مەيزاپ.
[3] ئەفزۇن ــــ ئۈزۈن، تولا.
[4] فۇزۇن ــــ ئېشىل.

سورىساڭ ئەسلىم بېھىشت باغىدۇر،
ھۆرمەتىم ئەنبىيا[1] زەمانىدۇر.

مەندۇرمەن مېۋىلەر ئارا ناياب[2]،
مېنى يەر ھەمە خەلايىق ئالقاب[3].

مېنى يىغقانلار تاپتىلار ئىززەت،
ئاغرىقلار يېسە تاپتى ھەم سىھھەت[4].

قېنى ئايتىشقىن، شۇنداق تۇرۇغلۇق،
كىمگە ئاشادۇر شاھلىق، ئۇلۇغلۇق؟...»

ئاخىر خورمانىڭ بۇ سۆزى ئۆتتى،
ھەمە مېۋە بۇ سۆزگە چىنپۇتتى[5].

بولدى خورما باش ــــ جۇملەگە سۇلتان،
ئوزگەسى بولدى تۇتقۇچى پەرمان.

---

① ئەنبىيا ــــ پەيغەمبەر.
② ناياب ــــ كۆركەم، زىبا.
③ ئالقاب ــــ ماختاپ.
④ سىھھەت ــــ ساقلىق، سالامەتلىك.
⑤ چىنپۇتتى ــــ راست دەپ ئىشەندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

شاھ خورما تۆرگە چىقىپ ئولتۇردى،
سۆزگە كىرمەگەن بولسە ئولتۇردى.

بارچە ھۆكمدە تىزىلدى سەف ـ سەف،
ھەر قايسىسىغە بۇيرۇدى مەنسەپ.

ئۇزۇمنى قىلدى ئۆزىگە ۋەزىر،
نەشپۈت سايلاندى با مەسلىھەت ئەمىر.[1]

ھۆكمى سۇلتان، كى بېھى ئىشىك ئاغە،
بولدى شاپتۇلا جۇملەغە دورغە[2].

ئالماغە تەگدى مەنسەبى قازى[3]،
شول ۋەقت بولدى ئانار ھەم مۇپتى[4].

---

[1] ئەمىر ـــ لەشكىرى قوماندان.
[2] دورغە ـــ ئالۋان يىغقۇچى، يۇگۇر ـ يېتىم ئىشلىرىنى بېجىرگۈچى.
[3] قازى ـــ دىنىي مۇئەسسىلەردە دەۋا ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان شەرىئەت ھۆكۈمچىسى.
[4] مۇپتى ـــ پەتىۋا چىقارغۇچى.

قاغۇن، تابۇزنى مىراپ[1] ئەيلەدى،
جۇملە تەشنەنى سىيراب[2] ئەيلەدى.

يەنە ئۆرۈكنى قىلدى قازناقچى[3]،
ئۈجمە ھەم بولدى شاھقا يانداقچى[4].

قىلدى چىلاننى بۇنداق باكاۋۇل[5]،
ياڭاقنى دەرۋازىغە ياساۋۇل[6].

پىتىنخور ئەردى پاكار جىنەستە،
تەگمەدى خىزمەت قالدىلار پەستە...

---

[1] مىراپ — سۇ ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى.
[2] سىيراب — قانماق، قاندۇرماق.
[3] قازناقچى — خەزىنە باشقۇرغۇچى.
[4] يانداقچى — مەسلىھەتچى.
[5] باكاۋۇل — تاماق ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى.
[6] ياساۋۇل — كۆزەتچى، ساقچى.

## « پۇل »

يارەب، خەزىنەڭ ئىچرە باردۇر تولا پۇل،
بەرگەنگە بولماغاي كەم، ئەسلىدە كىمياپۇل.

دۇنيانى خەلق ئېيتىپسەن مەخلۇق ئۇچۇن ۋەگەرنە،
سەن بارچەدىن مۇناززەھ، ھاجەت ئەمەس ساڭا پۇل.

ھەم كائىناتلاردە ھەم دەشتۇتاغلاردە،
دەريايۇ باغلاردا مەجنۇندۇر ساڭا پۇل.

گاھى كېلۇر مۇشەققەت، گاھى كېلۇر پەراغەت،
قىلماي كىشىگە خىزمەت، ھېچ يەردە يوق بىكار پۇل.

قۇرئان بەردى خەبەرنى «كۇلۇۋەشىرىبۇ»[1] دەپ،
«لاتەسەرفۇ»[2] نى كۆرمەي، قىلدى مېنى گەدا، پۇل.

---

[1] كۇلۇۋەشىرىبۇ — يېيىش - ئىچىش.
[2] لاتەسەرفۇ — ئىسراپ قىلماڭلار.

مولـلا ـ ئالـىم ئوقۇپ يەر، قاغا ـ قۇزغۇن چوقۇپ يەر،
ۋائىـز ـ شائىـر گەپ ـ سۆز قىـلـىپ ئالار پۇل.

كەپشـىـمـدە يوقتۇر دەرەپشە تەگمىگەن يەر.
مەسەمنى چىرمەلايالماي، ھەر كۇنلۇكى يامار پۇل.

دۇنـيا ئۇچۇن غەم يېمە، تەۋەككۇل قىل خۇداغە،
ۋاھىـد خۇدا خەزىنەسىدە باردۇر ئەجەب تولا پۇل.

ئەي سائىـلـكـىم ھەمـىشە خۇرجۇندا نەتىلەرسەن،
ئىشەك ـ تاغار ئىلىپ كەل، يۈكلەپ بېرەي ساڭا پۇل.

ئاتا ـ ئانىلىق ئەرنىڭ كۆڭلىدە پۇل غېمى يوق،
ئۆلۇم ـ يېتىم يەتسىلەر، لازىم بولۇر ئاڭا پۇل.

ئاتا ـ ئاناڭ ۋاقتىدا دۇئاسىنى كۆپ ئالساڭ،
دۆلەت قېچىپ قۇتۇلماس، بېرىپ شۇنداق تۇرار پۇل.

ئاتا ـ ئانا رەھمىتى كۆپ بەرىكەتتۇر بالىغا،
قارغىش قېپى سەن بولساڭ، قېچىپ كېتەر نېرى پۇل.

ياخشى ئادەم بالىسى بۇزۇلۇپ دوز بولسا،
قانچە قوغلاپ باقسەلەر كۆرمەسكە سېلىپ تۇرار پۇل.

بەد ئەسلىدۇر بەزىسى دۇنيا بىلەن ھەمىشە،
كىم ئىگەسىن ئۇنۇتسا، شۇڭا تۇغقان بولار پۇل.

«ئاللا» دېگەن بەندىنىڭ يانچۇقىدا بىر پۇل يوق،
يۈزىن يۇماس پاسىقنىڭ يانچۇقىدا تولا پۇل.

يېقىن بولسە دۇشمەنى، كۆرمەس بولسا تۇغقاننى،
يات بىراۋ ئادەمنى يېقىن تۇغقان قىلار پۇل.

بىر - ئىككى پۇل بولمەسە، قاراڭغۇدۇر مەسچىتلەر،
مەكروھ بولۇر شام - خۇپتەن، دەركار ئىكەن راسا پۇل.

ئۆتنە - يېرىم بەرمىسە، بىر كۈن لازىم بولۇر دەپ،
ئۆيدە يىغىپ ساقلىسا، دوستنى دۇشمەن قىلار پۇل.

يامۇلدىكى لويىلەر پۇل دەپ ئامبال بولادۇر،
نەچە قىسمى ئات قويۇپ ئەلنى ئۇرۇپ ئالار پۇل.

خۇدانى سىلىپ ئاراغە پۇل تىلىسە قەلەندەر،
بىر پۇل ئەگەر بەرمىسە تىللاۋاتقان يۈزى قارا پۇل.

خەلايىق بارسە بازارغە، تەۋاپغە بارسە مەزارغە،
شەيخ ـ جارۇپكەشلەر داشقە قوي دەپ ئالار پۇل.

كىشى بىر ئۆي تۇتاي دەپ بىر خاتۇننى ئالسەلەر،
خۇدايىم خۇش بەردى دەپ سەر ـ چىراغقە ئالار پۇل.

پۇلى بولماسە شۇل ئەرنىڭ كۆزىگە ئۇز كۆرۈنمەس،
جىگدە قىقىپ يىگىل دەپ يالىڭاچلاپ قويار پۇل.

ئاغا ـ ئىنىگە پۇل بولسە، تۇغقانچە ھەم پۇل بولسە،
ئەمەلدارغا ھەم پۇل بولسە، شۇنداق ئوبدان قىلار پۇل.

قىغ بولماسە يەر ئەسكى، پۇل يوقىدىن ئەر ئەسكى،
جەلاپ خاتۇنغە ئوخشاش مىھرى ئىسسىخ مىسقال پۇل.

دىھقان بولسىمۇ پۇل لازىم، تۇججارغىمۇ پۇل لازىم،
موللاغىمۇ پۇل لازىم، غەپلەت ئىچرە قويار پۇل.

ئاغرىق بولسا بىر ئادەم، تېپىپ قاشىغا بارسە،
دورا قىلماساڭ ئۆلەرسەن دەپ قورقىتىپ ئالار پۇل.

دورا كېلىشمەي كېسەلگە ئاخىر ئۆلۈپ كەتسەلەر،
ئون بەش ـ يىگىرمە موللا ئىسقات كىرىپ ئالار پۇل.

ئىسقات پۇلى تالاشىپ، نەچە موللا سوقاشىپ،
بالىۋاقا ھەممەنى بىر تەڭ قويار شورلۇق پۇل.

قۇرئان ئوقۇر بىر كىشى مۇردا بىلەن ئىشى يوق،
مىراسخورلار بارچەسى دۇنيا بىلەن قالار پۇل.

قازان، چۆگۈن، بۇقۇرسى ھەممەسىنى ساناغاي،
كىگىز، بىسات، زىلچە ـ گىلەم قالغۇسى بورىيا پۇل.

بىر ـ بىرىگە قېنىشماي، مىراسخورلار ئىچىندە،
ئاتا ـ ئوغۇل، ئانا ـ قىز يامان قىلىپ قويار پۇل.

ئارادىن قورقۇپ بىرسى دورغە ئەكەلگىلى بارۇر،
باشلاپ دورغە كەلسەلەر، تۆشكۈن بەردەپ ئالار پۇل.

دۇنياسىنى ھېسابلاپ، يەرلەرنى تىزىملاپ،
شۇنداق تەڭشەپ بەردىم دەپ خىزمىتىگە ئالار پۇل.

بارنى ـ يوقنى ئۆلەشكەي، ئۇرۇق ـ تۇغقاندىن دەپ،
بۆلەك كىشىنىڭ قولىغە ئۆتۈپ ئارام ئالار پۇل.